ئەركىن سىدىق يازمىلىرى (توركىتاب 1-قىسىم)

# بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ



# ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

(تور كىتاب 1 ـ قىسىم)

**بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ**

ئاپتور: ئەركىن سىدىق (ئامېرىكا)

ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: پىداكار



ئاپتور: **دوكتور ئەركىن سىدىق**

# بېغىشلىما

مەن بۇ كىتابنى مىللەتنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن-تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

-ئاپتوردىن

**2016-يىلى 15-دېكابىر**

# بالا تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش مىللەتنىڭ ئەقلىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا چوقۇم قىلىمسا بولمايدىغان ئىش

— ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى— —





بالا تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى، ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆپىنچىسى بالىسى مەكتەپ يېشىغا توشقان ۋاقىتتىن باشلاپ، بالىسىنىڭ ئوقۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. خېلى كۆپ ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ قىلچە باش تارتمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى يېتىشمىسە، بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىقتىساد توپلاپ، شۇنىڭ بىلەن بالىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىدىغان ئەھۋاللارمۇ خېلى كۆپ.

ئەمما، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىچىدە بالىلار پسىخولوگىيىسى، كىچىك بالىلار تەربىيىسى، بالا تەرەققىياتى ۋە ئائىلىدىكى بالا تەربىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم پەنلەر تۈرىگە كىرىدىغانلىقىنى، تەرەققىي قىلغان ئەللەردە بۇ پەنلەرمۇ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگىچە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ھەمدە ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ئومۇملاشقانلىقىنى بىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتى ھازىرمۇ ئىنتايىن تۆۋەن. غەرب ئەللىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە «بالىلار تەرەققىياتى» دېگەن كەسىپنىڭ ئېچىلىش ۋە ئومۇملىشىش تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. ئەمما مەن ئۇيغۇر دىيارىدا ياشاۋاتقان زامانلاردا ئۇ يەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە «بالىلار تەرەققىياتى» دەيدىغان بىرەر كەسىپنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان. شۇنداق بولغاچقا، مەن ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار بالىلار تەربىيىسى ھەققىدىكى زامانىۋى پەن-بىلىملەردىن ھازىرمۇ

ئاساسەن خەۋەرسىز قېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

مەن 2005-يىلىدىن باشلاپ ئۆزۈمنىڭ چەت ئەلدىكى سەرگۈزەشتىلىرىم، كىشىلىك تەرەققىيات، يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل، چەت ئەل مائارىپلىرىدىكى ئىلغارلىقلار، NASA ۋە كائىناتتىكى ئىشلار، ئائىلە ۋە ئەر-ئاياللار مۇناسىۋىتى، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار دۇنياسى قاتارلىقلارغا ئائىت تېمىلاردا ماقالە تەييارلاپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرچە تورلاردا ئېلان قىلىشقا باشلىدىم. شۇ جەرياندا مەندىن بالا تەربىيىسى ھەققىدە سوئال سورايدىغان ياش ئاتا-ئانىلار ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر بەختلىك ئائىلە قۇرۇش ۋە بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەپ يېتىلدۇرۇش مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىلا تىكلەنگەن غايىلىرىمنىڭ بىرى بولغاچقا، مەن ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن بالا تەربىيىسى ھەققىدىكى بىلىملەرگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئۆزىمىزنىڭ بالا تەربىيىلەش جەريانىدا قوللىنىپ ماڭدىم. بالا تەربىيىسىنى ئۆز ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئورنىدا چىڭ تۇتۇپ، ئۆزۈم رازى بولغۇدەك ئۈنۈمگە ئېرىشتىم. ھازىر بىزنىڭ ئىككى پەرزەنتىمىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى تاماملاپ، خىزمەتكە چۈشكىلىمۇ 5 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى. ئۇلارنى ھازىر ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياشاۋاتىدۇ، دېسەك، مېنىڭچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

گەرچە مەن بالا تەربىيىسى كەسپىنىڭ كەسپ ئەھلى بولمىساممۇ، ئۆزۈم ئۆگەنگەن بىلىم، ھەمدە ئۆزۈم توپلىغان ئۆزىمىزنىڭ، ياپونلارنىڭ ۋە غەربلىكلەرنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، مەن ئۆزۈمدىن سوئال سورىغان ياش ئاتا-ئانىلارغا جاۋابەن بالا تەربىيىسى ھەققىدە بىر قىسىم ماقالىلەرنى يېزىپ تەييارلاپ، ئۇلارنى تورلاردا ئېلان قىلىپ تۇردۇم. مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگىنى ئەنە شۇ ماقالىلەر. مەن مەزكۇر كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار، بولۇپمۇ ياش ئاتا-ئانىلار قانداق قىلغاندا بالىنى ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر قىسىم قىممەتلىك ۋە مۇھىم مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايدۇ، دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ بۇ كىتابنى تەييارلىشىمغا تۈرتكە بولغان ئامىل ئەنە شۇ.

ئاياليم بىلەن ئىككىمىزنىڭ بالىلارنى قانداق تەربىيىلىگىنىمىز ھەققىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار مېنىڭ «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر» ناملىق 5-كىتابىمدا بار بولۇپ، تېخى ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلار مەزكۇر كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە 5-كىتابىمدىكى مەزمۇنلارنىمۇ ئوقۇپ باقسا بولىدۇ.

دۇنيادا ئىقتىسادىي كۈچ، سىياسىي كۈچ، ھەربىي كۈچ، ئىجتىمائىي كۈچ، ۋە جىسمانىي كۈچ قاتارلىق كۆپ خىلدىكى كۈچلەر مەۋجۇت. ئەمما، **ئەقلىي كۈچ باشقا بارلىق كۈچلەرنىڭ ئانىسى**. يەھۇدىيلار بۇ ھەقىقەتنى باشقىلاردىن كۆپ بۇرۇن بىلىۋالغان. شۇڭلاشقا ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ تاكى يېقىنغىچە ھەربىي قورال، ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە ئىسپورتلارغا ئوخشاش ئىشلارغا قىلچىمۇ ئەھمىيەت بەرمەي، ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى بالىنىڭ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاراتقان. بارلىق مەبلەغنى ئەقلىي تەرەققىياتقا سالغان. خرىستىئانلار ئوقۇغان ۋە ساۋاتلىق بولغان كىشىلەردىن ئەنسىرەپ، پەقەت ئاقسۆڭەكلەرنىڭلا ساۋاتلىق بولۇشىغا يول قويۇپ، باشقا بارلىق خەلقنىڭ ساۋاتلىق بولۇشىنى چەكلەپ يۈرگەندە، يەھۇدىيلار ئۆز ئىچىدە ئومۇمىي خەلق ساۋاتلىق بولۇش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، بىر-بىرىنى ئوقۇتۇش بىلەن ئالدىراش ئۆتكەن. بالىلىرىغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىپ، يەر شارىدىكى ئەڭ ساۋاتلىق مىللەتكە ئايلانغان. خرىستىئانلار خەلقلەرنىڭ

ساۋاتسىز ھالەتتە تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە قارىغۇلارچە بويسۇنۇشىنى ئىستىگەن بولسا، يەھۇدىيلار ئەقلىي ئەركىنلىك ياكى زىيالىيلىق ئەركىنلىكىنى يولغا قويغان. يەھۇدىيلار ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ۋە چوڭلار ئۆز-ئارا ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر مۇھىم قىسمىغا ئايلانغان. ئەنە شۇنداق ئەنئەنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھازىر يەھۇدىيلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدىكى ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ نىسبىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ.

ئەمما، مەن يۇقىرىدىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ھازىرمۇ بالا تەربىيىسىنىڭ زامانىۋى ئىلىم-پەنلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم پەنلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ۋە ئائىلە ھاياتىدا بالا تەربىيىسى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تېخى تونۇپ يېتەلمىدى. بالا تەربىيىسىدىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىدە ئومۇملىشىشىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن. شۇڭلاشقا بۇ ساھەدە بىز بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تولىمۇ كۆپ. يېقىنقى 10 يىلدەك ۋاقىتنىڭ مابەينىدە، مەن چەت ئەلگە چىقىپ، بالا پىسخولوگىيىسى، بالا تەربىيىسى ۋە بالىلار مائارىپى كەسپلىرىدە ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ۋە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئۇچرىتىپ ئۆتتۈم، ھەم كىتابنىڭ... 

بۇ مىسالدا تېخىمۇ ئېنىقلاپ كەتتىم.

بىۋاسىتە ئالاقىلەشسە بولىدۇ.

ئالدىنقى 5 كىتاب بىلەن ئوخشاش، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» تورغا چىقىرىشتىن بۇرۇن تەھرىرلەپ بەردى. بۇ قېتىم ئۇلارنى قايتا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىتاب ئۈچۈن تەييار قىلدى، ۋە كىتابنىڭ تور كىتاب ھۆججىتىنىمۇ بىر قوللۇق تەييارلاپ چىقتى. مەن «پىداكار» ئىنىمىزغا قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابنىمۇ مىللەتنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن-تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

**ئەركىن سىدىق**

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى

2016-يىلى 15-دېكابىر

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ........................................ 6

بىلىمخۇمار ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن روھ ........................ 12

ئىككى ئوقۇرمەننىڭ ئەركىن سىدىق كىتابلىرىغا بەرگەن قىسقا باھالىرى ........... 18

تۇغۇلمىغان بوۋاققا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىلىرى ..................... 19

بۆشۈكنىڭ بوۋاققا زىيىنى بارمۇ؟ ................................ 23

كىچىك بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ 10 چوڭ پايدىسى .................. 28

بىر ـ ئىككى ياشلىق بالىلار تەربىيىسى ............................ 36

ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق بالىلار تەربىيىسى ............................ 42

ئۈچ ـ تۆت ياشلىق بالىلار تەربىيىسى ............................ 46

تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلار تەربىيىسى .................... 50

بوۋاقنى كېچىسى ئوزۇقلاندۇرۇش زۆرۈرمۇ؟ ............................ 55

بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ ........................................ 58

بالىڭىزنىڭ ئۆز غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا يول قويۇڭ ................ 85

خەلقئارالىق كومپيۇتېر تەربىيىسى ھەپتىسى پائالىيىتى ھەققىدە ............ 98

تارتىنچاق بالىغا ياردەم قىلىش ئۇسۇللىرى .......................... 103

بالىڭىزغا سەممىيەتلىكنى ئۆگىتىڭ ................................ 111

بالىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم سۈپەت ................................ 114

بىرىنچى رول ئوقۇتقۇچىلىق، ئىككىنچىسى ئاتا ـ ئانىلىق .................. 118

بالىلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق سۈپىتىنى يېتىلدۈرۈش ...................... 120

بالىلارنى ئەقىللىق قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولامدۇ؟ ...................... 123

گېرمان بالىلىرىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ـ ئۆزىگە تايىنىش .................. 128

بالا تەربىيىسى ۋە كىملىك ........................................ 131
چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار ........................................ 137
ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئۇقۇش ۋە خىزمەت تارىخى ........................ 142

# بىلىمخۇمار ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن روھ

شەمەر

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە بىر قىسىم ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئەسەرگە باھا بەرگەندە ئەسەر بىلەن مۇئەللىپنى ئايرىۋېتىش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلار «ئەسەر يازغۇچىنىڭ قولىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن كىتابخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كىتىپ يازغۇچىغا تەۋە بولماي قالىدۇ. بىز ئەسەرگە باھا بەرگەندە يازغۇچىنى قايرىپ قويىشىمىز، يازغۇچىنىڭ شەخسى تۇرمۇشىنى ۋە ئەدەب ئەخلاقىنى ئەسەرگە باھا بىرىشكە ئۆلچەم قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك» دەيدۇ. مەن بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلۇپ كەتمەيمەن. يازغۇچىنىڭ قانداق بولىشى ئۇنىڭ يازغان ئەسىرىنىڭ قانداق چىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يازغۇچىنىڭ شەخسى كۆز قارىشى، ئەدەپ ئەخلاقى،ئىچكى تاشقى دۇنياسى ئۇنىڭ ئەسىرىدە چوقۇم ئىپادىلىنىدۇ. ھەق ئۇستىدە كۆيۈپ يانغان يازغۇچىدىن ھەقىقەت جۇلالىنىپ تۇرغان ئەسەر ۋۇجۇتقا كىلىدۇ. مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈۋاتقان يازغۇچى مۇھەببەتنى تەسۋىرلەيدۇ، تارىختىمۇ نۇرغۇن شائىرلارمۇھەببەت ئۇچۇن جان بەرگەن، شۇنداقلا ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇھەببەتنى تەسۋىرلىگەن. ھەقىقەت ئۇچۇن قەلەم بىلەن قورالنى تەڭ قولىغا ئالغان يازغۇچىلارمۇ نۇرغۇن.

بىر يازغۇچى ئۆز قەلىمىدە ئىپادىلىگەن نەرسىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. ھەم ئۇنى پۇتۇن دۇنياغا مۇجەسسەملىمەكچى بولىدۇ. زامانىمىزدىكى نۇرغۇن يازغۇچىلار مۇشۇ مەقسەت يولىدا جان پىدالىق بىلەن تەر تۆكۈپ ئۆز قەلىمى ئارقىلىق نادىرئەرسەرلەرنى ۋۇجۇتقا چىقارماقتا. ئۆز قەلىمى بىلەن خەلقىگە روھىي ئوزۇق ئاتاقىلماقتا. بىلىمخۇمار دەل ئاشۇ مەقسەت ئۇچۇن قولىغا قولىغا ئالغان كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۇ ئۆز تەشەببۇسىنى ئالدى بىلەن ئۆز ئەمىلىيىتىدە ئىسپاتلىدى ۋە ئۇنى قەلىمى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

توردا ئەسەر يېزىپ ئېلان قىلىش تولىمۇ مۇرەككەپ، جاپالىق بىر جەريان. بۇ سىزدىن غايەت زورچىدامچانلىق، سەبىر ـ تاقەت، يىراقنى كۆرەللىك، يىتەرلىك، ساغلام بولغان روھىي ـ پىسخىكا تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە كىتابخانلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرىشىگە ئېرىشىش تولىمۇ مۇشكۇل. تورنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق كەمچىللىكىمۇ ئەۋزەللىكىمۇ بار. بۇ يەردە سىزنىڭ كىچە ـ كىچلەپ ئولتۇرۇپ، جاپا تارتىپ يازغان ئاشۇ ئەسىرىڭىز ئۇچۇن ھىچكىم بىر پۇڭ ھەق بەرمەيدۇ. بۇ يەردىكىلەر سىزنى بىر كۇندىلا كۆككە كۆتۈرسە بىر كۇندىلا سىزنى تىللاپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇ يەردە سىزنىڭ مول بولغان بىلىمىڭىز ۋە قەلەم كۇچىڭىز بولغان بىلەن كىتابخاننى چۇشۇنىدىغان تەپەككۇر، ئاكتىپ كەيپىيات، مەسئۇلىيەت ئېڭى بولمىسائاسانلا شاللىنىپ كىتىسىز.

شۇڭا نۇرغۇن قەلەم ساھىبلىرى بۇ يەرگە قىزغىنلىق بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەيىندىنلا بۇ يەردىن گەپ ئىشتىپ ھەم بىر مۇنچە قورساق كۆپۈكى تېپىۋېلىپ يامانلاپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئىنتايىن بىلىمەك، ياخشى نىيەتلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار سىزگە ئىلمىي بولغان ئىنكاسلارنى، پىكىرلەرنى بېرىپ سىزگە زور مەدەت ئىلھام ئاتا قىلىدۇ. ئەمما يەنە مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، كۆپ ئوقۇمىغان كىشىلەرمۇ بار، ئۇلار بەزىدە بىر تەرەپلىمە بولغان قاراشلارنى ئوتتۇرغا قويىدۇ، ھەتتا بەزىدە زىتىغا تىگىدىغان گەپ سۆزلەرنىمۇ قىلىپ سالىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە سۆزلىگۈچىنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ خىل تەرەپتىن ياخشى يولدا پايدىلىنىدىغانلارمۇ يامان تەرەپتىن پايدىلىنىدىغانلارمۇ بار.

ئەمما قانداقلا بولمىسۇن مەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا  ھازىر ئۇيغۇر تورچىلىقىنى خىلى ياخشى سەۋىيەدە دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇ بىزگە نەشرى ئەپكارلىرىمىز قىلىپ بولالمىغان ھەم قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بەردى. ياش تالانت ئىگىلىرى ئۇچۇن ئۆزىنى چىنىقتۇردىغان، ۋە يېتىلدۇردىغان كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى. بىزگە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر قەلەم ساھىبلىرىنى مەيدانغا كەلتۇرۇپ بەردى. ھەم كەلتۇرۋاتىدۇ، بىلىمخۇمار دەل ئاشۇلارنىڭ بىرى.

زىدىيەتسىز تەرەققىيات مەيدانغا كەلمەيدۇ.بىرناتوغرا پىكىر توغرا پىكىرنىڭ مەيدانغا كىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بىلىمخۇمار ئەسەر يېزىش جەريانىدا دەل مۇشۇنداق ھەربىر پىكىرنى ئانالىز قىلىدى. ئۆزىگە چۈشكەن مەدھىيە ۋە تەنقىدىنى ئوخشاشلا قوبۇل قىلدى.ئۆزىنى تەنقىد قىلغانلارنىمۇ تەنقىدقىلمىغانلارنىمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆردى. ئۇ ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ يازغانلىرى ۋە يازماقچىبولغانلىرى ھەققىدە داۋاملىق ئويلاندى. ئۇ ئۆزى ئىشەنگەن ۋە سۆيگەن ئاشۇ غايە ئۇچۇن توختىماي ئىزدەندى.

بىلىمخۇمارنىڭ پۇتكۇل ئەسەرلىرىگە تەپسلىي باھا بىرىشكە ۋاقىت ۋە سەھىپە ئازلىق قىلىدۇ. مەن تۆۋەندە بىلىمخۇمارنىڭ كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئۇچراشقان ئەسەرلىرىگە ئاساسەن ئۆزۈمگە تەسىر قىلغان تەرەپلەر ھەققىدە بايانلىرىمنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

**1. توغرا ئەقىدە.** ئۆز خەلقىنىڭ نىمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنىنىمىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنىنىمۇ چۈشىنىشمۇ يازغۇچىدىن غايەت زور ساپا تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيادا بىلىملىك، ئۇلۇغ كىشىلەر نۇرغۇن،ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقى توغرا ئىتقادلىق، پەزىلەكرى ناھايتى ئاز. بىلىمخۇمار بىلىم ئىش ۋە نەتىجە قازىنىش بىلەن ئۆز خەلقى، ۋەتىنى ئۈنىڭغابەرگەن بۈيۈك روھ ۋە ئىتىقادنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇدەل مۇشۇ خىل روھى ئىتقادنىڭ تۈرتكىسىدە قولىغا قەلەم ئالدى. ئۇ ئۆزىنىلا ئەمەس ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپقارىدى.زامانىمىزدا خىلمۇ خىل ئىدىيە، خىلمۇ خىل كۆز قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان ياشلارنى توغرا بىر يولغا باشلاش بىر ئادەمنىڭلا قولىدىن كىلىدىغان ئىش ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىلىمخۇمار قىلالىغىنىچە قىلدى. كۈچى يەتكىنىچە تىرىشتى.دەر ۋەقە ئۇنىڭ ئۆتكۈر يازمىلىرى نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئۆزىنىڭ ھايات يولى ھەققىدە ئەستايىدىل قارار چىقىرىشىغا سەۋەب بولدى.

**2. تەخىرسىزلىك.** تەرەققىيات تەخىرسىز .بىزدىكى  زىدىيەت ۋە مەسىلىلەر تېخمۇ تەخىرسىز. بىلىمخۇمار دەل مۇشۇ بىزدىكى تەخىرسىز سوئال، تەخىرسىزمەسىلىلەرگە تەخىرسىزلىك بىلەن جاۋاب بەرگەن كىشىدۇر. ئۇنىڭدىن ئاشكارا ۋە ئايرىم سوئال سورىغانلار بولسۇن ياكى ياكى ئۆز ھىس قىلغان ھەم جاۋاب بىرىشىم كىرەك دەپ قارىغان مەسىلەردە بولسۇن ئۇ كېچىكتۈرۈشنى خالىمدى.

بەزىدە شۇ سائەتتە شۇ كۈندە شۇھەپتىنىڭ ئىچىدە جاۋاب بەردى.

3. **بىلىمگە تەشنالىق.** بىلىمخۇمار دېگەن نامنىڭ ئۆزىنىدىنلا بىر بىلىمگە ئىنتىلگۈچىنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش تەس ئەمەس. ئۇ ئۆزى ئوقۇدى، تىرىشتى، ئۆزى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.لىكىن ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاشۇ بىلىمگە تەشنا قەلبلەرنى ئۇنتۇپ قالمىدى.ئەسلى ئۇ ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسىلا تامامەن بولاتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى خىزمەت ئورنى ۋە مەرتىۋىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭغا يېتەرلىك شان شەرەپ مەرتىۋە ئاتا قىلىپ بولغان، بەلكىم يەنە ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىۋەرەتتى، ئەمما ئۇ يەنە بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى.يەنى ئۆز خەلقىنى ئۆز ئەۋلادىنى. مەيلى باشقىلار نىمىدەپ ئويلىسۇن ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى دەپ قارىدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ شۇكى ئۇ ئۆزىگە تېلىفۇن قىلغان، خەت يېزىپ سوئال سورىغان ھەر بىرەيلەننى جاۋابسىز قويمىدى. مەيلى قىسقا بولسۇن ئۇزۇن بولسۇن ئۇلارغا جاۋاب بەردى. بەلكىم ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن يول كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇ يول كۆرسەتكەن ياش بىلىم تەشنالىرىمىزنىڭ سانى بولماسلىقى مۇمكىن.

4. **كەمتەرلىك.** كىشىنىڭ بىلىمى ئاشقانسىرى شۇنچە كەمتەر بولسا كېرەك.بىلىمخۇمار ھەر بىر ئىشىداگەپ سۆزىدە كىبىر- تەمەننادىن يىراق تۇردى. سىز مەيلى دىھقان بولۇڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇڭ ئۇنىڭغا قورۇقماي جاۋاب قايتۇرسىڭىز، ئۇنى تەنقىدلىسىڭىز بولىدۇ. ئۇ سىزدىن ھىچ قاچان رەنجىمەيدۇ. «ئۇكام پىكىر بەرگىنىڭىزگە رەخمەت، كېيىنكى يازمامدا مەن بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلاي»، «ئۇكام سىز سورىغان مەسىلىگە ھازىرچە جاۋاب بىرىشكەئاجىزمەن، كېيىنكى ئىزدىنىشىمگە جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمەن».

مۇنبەردە نۇرغۇن ئاپتور ئەسەرنى يېزىپ قويۇپ ئىنكاسلارغا جاۋاب بىرىشتىن، ئايىغى يوق مۇنازىرىگە ئارلىشىپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئەمما بىلىمخۇمار ئۇنداق قىلمىدى.ئۇ بۇنداق قىلسام يۈزۈپ چۈشۈپ كىتەرمۇ؟ ئورنۇم تۆۋەنلەپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرمىدى.بۇ قانداق روھ، مىنىڭچە بۇ دەل ئۇنىڭغا ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش جەريانىسىڭدۇرگەن روھ.

5. **مەسئۇلىيەتچانلىك.** گەپنى قىلىش ئاسان، ئامما ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇش تەس.«ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان مىللەت گۈللەنمىسە سىز بىزنىڭ ياخشى ياشىيالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ ئۆز يازمىسىدا. بۇ قانداق مەسئۇلىيەت. بۇ دەل بىر زىيالىيدا بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت. بىر يازغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت. «ئارزۇ ئىقتىدارغا تەڭ ئەمەس، چوڭ ئىشلارغا يۈرۈش قىلىشنى ئۆزىڭىز قىلالايدىغان كىچىك ئىشتىن باشلاڭ» بىلىمخۇمار ئۆزى دىگەندەك ئۇ بىز ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاقىلانە ئىشنى قىلىدى. ئۇ ئۆزى تەۋسىيە قىلغاننى ئۆزى ئورۇنداپ ماڭدى.ھەم بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۈندىدى.

6. **ئۈزلۈكسىزلىك.** ئىجادىيەتتە ئۈزلۈكسىزلىكنى ساقلىماق تولىمۇ تەس. بولۇپمۇ تور ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ شۇنداق. بەزىدە سىزگە چۈشكەن بىر قىسىم ئىنكاسلارغا قاراپ شۇنچىلىك رايىڭىز قايتىدىكى ھاياتتىنمۇ بىزار بولىسىز. ئەگە سىزگە ھىچكىم ئىنكاس يازمىسا ياكى ھىچكىم پەرۋا قىلمىسىچۇ؟ بۇ تېخىمۇ ئازابلىق. كىممۇ ئۆز ئەمگىكىنىڭ قەدرىسىز قىلىشىنى خالايدۇ. لىكىن بىلىمخۇمار ھەرقانداق ئەھۋالدا يېزىشنى داۋاملاشتۇردى.ھەر بىر كۈن ئاي، يىل ئۇنىڭغا قانداق سوۋغا ئېلىپ كىلىشىدىن قەتئىنەزەر، قانچەئالدىراش بولىشىدىن قەتئىنەزەر ئۇ ئۆز

كىتابخانىلىرىنى نا ئۈمۈد قويمىدى.سىزباغداش، مىسرانىم، ئىزدىنىش مۇنبەرلىرىنىڭ خالىغان بىرىگە كىرىپ بىلىمخۇمار دىگەن ئىسمنى چەكسىڭىزلا تۆۋەندىكىدەك سان سىپىرلار كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ:

ستاتىستىكا ئۇچۇرى: تىزىملاتقان ۋاقتى:2012-يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنى. ئاخىرقى كەلگەن ۋاقىت 2016-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنى.

تېما سانى 214، ئىنكاس سانى 504 ، توردىكى ۋاقتى 2578 سائەت.

(مىسرانىم. 2016-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنىدىكى مەلۇمات).

ئۇنىڭ ئىش ئورنى ۋە خىزمەت سىجىللىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا خىزمەتتىن سىرىت مۇشۇنداق بىر ئىجادى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش ھەقىقەن ئاسان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەت بىلىمخۇمارنىڭ كېيىن تەرەققى قىلغان تور بەتلەردىكى يىزىقچىلىق ئۇچۇرى. ئۇنىڭ يىزىقچىلىق ئىجادىيىتى تۇنجى ئەۋلات ئۇيغۇر تور بەتلىرى قۇرۇلغاندىلا باشلانغان.ئۇ ۋەتەنگە زىيارەتكە كەلگەن مەزگىلدە ئۇيغۇر تور بەتچىلىكىگە يۇقىرى باھا بەرگەن،چەتئەلدىكى تور بەتلەردىن ئۆرنەك ئېلىپ تور بەتچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق پىكىر تەلەپلەرنى ئوتتۇرغا قويغان. ئۇ شۇ چاغدىلا زىيالىيلارنى ئاممىباپ تىلدا ئەسەر يىزىشقا چاقىرىق قىلغان، ھەم ئۆزى باشلامچى بولۇپ باشلاپ بەرگەن.

**7. ئانا تىلنىڭ پاساھىتى.** بىلىمخۇمارنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ تۆھپىسى شۇ بولدىكى ئۇ دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيەدىكى پەن-تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەۋەتقان بىر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا يىڭىلىقلىرى، مەدەنىيەت، دىن، ئىلىم-پەنگە ئائىت نادىرئەسەرلەرنى ئۆز مىللىتىگە ئۆز ئانا تىلىدا پاساھەتلىك، ۋە چۈشۈنۈشلۈك يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىدۇر. بۇ يەردە ئۇ بىر يازغۇچى ھەم تەرجىمان بولدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ ھەرقانداق ساھە ۋە ھەر قانداق كاتوگىرىيەدىكى ئىستىمالىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ بۇ جەريانىدا قانداق قىلغاندا نادىرئەسەرلەرنى تىخىمۇ چۈشۈنۈشلۈك تىخىمۇ ئاممىباب ئۇسۇلدا ئۆز خەلقىگە يەتكۈزۈپ بىرىش يولىدا كۆپ ئىزدەندى. بىر قىسىم ئابىستىراكىت ۋە پەن تىخنىكىغا ئائىت سۆزئىبارىلەرنى ئۆزى ئەڭ ئاددي ۋە چۈشۈنۈشلۈك ئۇسۇلدا ياساپ، ۋە قوللۇنۇپ تىلىمىزنى تىخىمۇ بېيىتتى.ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇسۇلدا ئىنگىلىز تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۇرگەن ھىكمەتلىك سۆز ئىبارىلىرى ساناقسىز بولسا كىرەك.

مانا بۇلار مېنىڭ بىلىمخۇمار ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى ماڭا تەسىر قىلغان تەرەپلەر. ماقالەمدە مەن ئۇنىڭ ئۆز ئىسمنى ئاتماي ماڭا ۋە كىتابخانلىرىمىزغا تونۇشلۇق بولغان تەخەللۇسىنى ئىشلەتتىم. بۇنداق بولغاندا مەن ئويلىغانلىرىمنى تىخىمۇ راۋان ۋە كەڭ كۆشادە ئوتتۇرغا قويالايدىكەنمەن. ئەلۋەتتە مەن كەسپي ئوبزورچى ئەمەس، بەلكىم مېنىڭ تۆۋەن سەۋىيەدىكى باھالىرىم ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن تولىمۇ يۈزەكى ۋە ئاددي بولۇپ قالغان بولىشى مۇمكىن. ئەمما مەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇشۇنداق باھالارنىڭ يىزىلىشىنى تولىمۇ تەخىرسىز دەپ قارىدىم. ئۇ ھازىر مەن ۋە ماڭا ئوخشاش بىلىمگە تەشنا ياشلارنىڭ ئاللىبۇرۇن ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ئۇستازىغا ئايلىنىپ بولدى. شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرى ۋە

ئەسەرلىرى ھەققىدە ئوبزور، تەتقىقات ماقالىرىنىڭ يېزىلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

بىلىمخۇمار كىتابىنىڭ نەشىر قىلىنىشى كىتابخانلارنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنىڭ يەنە بىر پاكىتى. ئۇ ئۆز خەلقىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىكەن خەلقىمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن ۋە يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ ئەسەرلىرى ئۇچۇن ئۇنى چىن قەلبىمدىن قۇتلۇقلايمەن. ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كەڭ كىتابخانلىرىمىزغا يېڭىچە تەسىر، يېڭىچە روھ تەقدىم ئېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

2016-يىلى 2-ئاينىڭ 20-كۈنى

## ئاپتورنىڭ يۇقىرىدىكى يازمىغا قايتۇرغان ئىنكاسى

ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك شەمەر ئۇكام،

سىز كۆپ ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلىپ، مەن ئۇچۇن مەخسۇس بىر پارچە ئوبزور يېزىپسىز. مەن بۇ ئوبزور ۋە ئۇنىڭغا چۈشكەن ئىنكاسلارنى ئوقۇپ، بۇ ئىشتىن ناھايىتى تەسىرلەندىم، ھەمدە سىزدىن ناھايىتى مىننەتدار بولدۇم. شۇنداقلا قالغان قېرىنداشلاردىنمۇ ئىنتايىن سۆيۈندۈم. مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئۆمرىدە ئۆزۈم ھەققىدە دېيىلگەن ياخشى سۆزلەرنى ماڭا بېرىلگەن مەدەت ۋە روھىي ياردەم، ھەمدە مېنىڭ باھالىغۇچىلار قەلبىدىكى قىممىتىمنىڭ سۆز بىلەن ئىپادىلىنىشى، دەپ چۈشىنىپ كەلدىم. سىز دېگەن سەممىي سۆزلەرنىمۇ ئەنە شۇنداق بىر تەرىقىدە قوبۇل قىلىمەن. ھەمدە سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

يېقىندا چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان ئىككى قېرىنداش ماڭا تېلېفون قىلدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئاپىسى 10 كۈن ئالدىدا 45 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇ تۇگەپ كېتىشتىن بۇرۇن ئىككى پەرزەنتىگە «سىلەر ئەركىن سىدىقتا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار. سىلەرنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىشىڭلار پۇتۇنلەي شۇنىڭ ياردىمى بىلەن بولغان. مەن ئۇنىڭ يازمىلىرىنى ئوقۇپ، سىلەرنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىش ئىرادىسىگە كېلىپ، ئاخىرى ئاشۇ غايەمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم»، دەپتۇ. بۇ ئىككى قېرىنداش ماڭا شۇ سەۋەبتىن تېلېفون قىلىپتۇ. ماڭا مېنىڭ يازمىلىرىمنى ئوقۇغاندىن كېيىن چەت ئەلدە ئوقۇش ئىدىيىسى ۋە ئىرادىسىگە كېلىپ، ئاخىرى چەت ئەلگە ئوقۇشقا كەلگەن ئۆكىلاردىن ئارىلاپ-ئارىلاپ خەت كېلىپ تۇرىدۇ.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى يول ناھايىتى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ياشلار مەندىن «بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟» دەپ سوراشقا باشلىدى (ماڭا ئۇنداق سوئاللار ھازىرمۇ كېلىۋاتىدۇ). شۇ چاغدا مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان بىر يەھۇدىي دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن «بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟» دەپ سورىسام، ئۇ «خەلقىڭگە دۇنيا قوبۇل قىلالايدىغان بىر يولنى

تۇتۇپ ياشاشنى تەۋسىيە قىلغىن، ھەممە ئەگەر ئۆزۈڭدە ئۆز خەلقىڭ ئىچىدىكى 10 ياشقا ياردەم قىلىش ئىمكانىيىتى بار بولىدىكەن، ئاشۇ 10 ياشقا ياردەم قىلغىن»، دېدى. ئۆز خەلقى بىر چۆكۈپ كېتىۋاتقان چوڭ كېمىنىڭ ئۈستىدە ياشاۋاتقاندا، ئادەم ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۆزى ئۈچۈن كۆڭلىنى خوش ۋە خاتىرجەم قىلىدىغان يول تاپالمايدىكەن. دەل شۇ ۋاقىتتا مەن دىنىي جەھەتتىن ئىزدىنىشكە باشلاپ، ئۆزۈم بۇرۇن ئۇقمايدىغان يېڭى ھەقىقەتتىن بىرىنى تاپتىم: ئوخشىمىغان خەلقلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋال ئاستىدا قېلىشىنىڭ مەلۇم سەۋەبى بار؛  ھەر بىر ئىنسان بىر قىسىم ئۆزىگە چۇشلۇق خۇرۇچ بىلەن، ھەممە پەقەت ئۆزىگىلا يۈكلەنگەن بىر قىسىم مەقسەتلەر ئۈچۈن يارىتىلغان. ياراتقۇچىنى رازى قىلىشنىڭ بىردىن-بىر يولى ئۆزىدىكى ئاشۇ خۇرۇچلارنى تولۇق بايقاپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ قاتتىق تىرىشىش ئاساسىدا تولۇق ئىشقا سېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش. يىغىپ ئېيتقاندا، مەن ھازىر ئاشۇ يولدا تىرىشىۋاتىمەن. شۇنداقلا يۇقىرىقىدەك بىر ھەقىقەتنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك كىشىلىرىمىزگە چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىنى ۋە ياراتقۇچىنى رازى قىلىش يولىنى تۇتۇشىنى، شۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاشقا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمەن.

ئاخىرىدا سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن! ئۇكام!

ئەركىن سىدىق

2016-يىلى 21-فېۋرال

# ئىككى ئوقۇرمەننىڭ ئەركىن سىدىق كىتابلىرىغا بەرگەن قىسقا باھالىرى

(1)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن مۇئەللىم! مەن سىزنىڭ دەسلەپكى 3 قىسىم كىتاۋىڭىزنى ئوقۇپ ئىدىيە جەھەتتىن غىدىقلانغان بولسام،كېيىنكى 2 قىسىم كىتاۋىڭىزنى ئوقۇپ ئامېرىكا دېگەن چوڭ دۆلەتنىڭ ھەر-جەھەتتىكى قىممەتلىك بىلىملىرىگە ئېرىشتىم. ھەمدە سىز 5-قىسىمدا ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارا سېلىشتۇرۇپ، مىللىتىمىز ئۈچۈن خۇددى يول خەرىتىسى سىزىپ بەرگەندەك ئاقىلانە تەپەككۇرلىرىڭىزدىن شۇنچىلىك سۆيۈندۈم. سىزنىڭ بىز دورايمەن دەپمۇ دوراپ بولالمايدىغان ياشاش يولىڭىزدىن پەخىرلەندىم. سىزنىڭ بۇ خىل يۈرەك قېنىڭىزنى سەرپ ئەتىپ،خۇددى ۋولقاندەك ئېتىلىپ تۇرغان تەپەككۇرلىرىڭىز بىز ئۈچۈن ئەبەدىي مەلھەمدۇر. ئاللا سىزگە تېخىمۇ كۆپ كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇسى. مېنىڭچە سىزنىڭ كىتاپلىرىڭىزنى ئوقۇغان ھەر-بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ھەر-خىل نۇقتىدىن كۆرۈپ چۈشىنىشى تەبىئىي بىر ئەھۋال. خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قۇتادغۇبىلىكتەك ئەسىرلەر بويى كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئالغا يېتەكلەش دەستۇرى بولغۇسى. مەن گەرچە ئاخىرنى تولۇق كۆرۈپ بولالمىغان بولسامۇ، مۇندەرىجىسىنى كۆرۈپلا ئاساسەن تەسەۋۋۇر قىلالىدىم. سىز ئەگەردە ئىلگىرىكى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىڭىزنى قىلالىغان بولسىڭىز مەن شۇ مەكتەپتە سىزدىن قانچىلىك قىممەتلىك بىلىملەرنى ئالغان بولاتتىم. تولىمۇ ئەپسۇس ... سىزنىڭ بۇ كىتاپلىرىڭىز شۇنچىلىك چۈشىنىش ئاسان ئاممىباب تىلدا يېزىلىشى بىلەن كۆڭۈلگە ھۇزۇر بەرسە،روھىيىتىمىزگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ. سىزگە قانچە رەھمەت ئېيتساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆمۈر، ساغلام تەپەككۇر، پاكىز ئىدىيە سىزگە مەڭگۈ يار بولغۇسى. سىزگە چوڭقۇر ھۆرمەتلەر بىلەن سەمىمىي سىڭلىڭىز خەيرىنىسادىن

(2)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا. 5 قىسىم كىتابىڭىزنى تولۇق ئۇقۇپ چىقىپ ئىنتايىن خوش بولدۇم. كىتابىڭىزنى ئوقۇش جەريانىدا، ئۆزەممۇ سەزمىگەن ھالدا بىلىپ-بىلمەي كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىم كۆپ بولدى . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە مول مەزمۇنلۇق بىلىمگە ئىگە بولدۇم. كۆپ جاپا چەكتىڭىز، ھارمىغايسىز. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ، نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئۇقۇپ تۇرۇشقا ئىنتىزار بىز . ئاللاھ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭىزنى تېخىمۇ پارلاق ۋە يۈكسەك قىلغۇسى، ئامىن... دىلشات تۇرغۇن.

# تۇغۇلمىغان بوۋاققا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىلىرى

2014 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

مەن بالىلار ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھېچ قانداق كىتاب يوق بىر دەۋردە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم. مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان بالىلار كىتابىغا ئېرىشكەن ۋاقتىم تولۇقسىز 2 ـ يىللىقتا چىققان 1967 ـ يىللىرى بولۇپ، ئۇ چاغدا «قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە» دېگەن بىر بالىلار كىتابى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلدى. ئۇ كىتاب ئاقسۇدىكى كىتابخانىغا سېلىنغان ھامان (ئۇ چاغدا ئاقسۇ شەھىرى بويىچە پەقەت بىرلا كىتابخانا بار ئىدى) مەن ئۇنى ئۆزۈم يىغقان پۇل بىلەن سېتىۋېلىپ ئوقۇدۇم. ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ كەتكەنلىكىمدىن، ئۇنى سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىمغىمۇ تەشۋىق قىلدىم، ھەمدە 15 تەك بالىدىن پۇل يىغىپ، كىتابخانىدىن ئۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، ساۋاقداشلىرىمغا تارقىتىپ بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەن كىتاب ئوقۇشقا ئىنتايىن قىزىققان بولساممۇ، ئۆز يېشىمغا ماس كېلىدىغان كىتابلار ئاساسەن يوق ئىدى. تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن بىزگە بىكارغا تارقىتىلىپ بېرىلگەن ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى بىلەن لۈشۈن ئەسەرلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئوقۇپ چىققان ئىدىم.

مەن ياپونىيىدە ئىككى يېرىم يىل ۋە ئامېرىكىدا 25 يىلدىن كۆپرەك ياشاش جەريانىدا، ھەمدە ياۋروپاغا ساياھەتكە بارغان ۋاقىتلاردا تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. ھەمدە بۇنداق ئادەتنىڭ بالا تېخى كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا ـ ئانا تەرىپىدىن يېتىلدۈرىدىغانلىقىنى، بالىلار باشلانغۇچقا كىرمەستىنلا ئاخشىمى كىتاب ئوقۇمىسا ئۇخلىمايدىغان بىر ئادەتنى يېتىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. مەن ئەسلىدە ئالدىنقى 3 قېتىم تەييارلىغان ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى يازمىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە بالىلاردا كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە بىر يازما تەييارلاشنى ئويلىغان ئىدىم. شۇ چاغدا ئېسىمگە مۇنداق بىر ئىش كېلىپ قالدى: بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن بىر بالامنى مەكتەپتىن ئەكېلىۋاتقان ۋاقىتتا، بىر ھامىلىدار ئاق تەنلىك ئايالنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قورسىقىدىكى بالىسىغا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئايال ئىنتايىن چىرايلىق ۋە ئوچۇق ئاۋازدا، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن، بىر قولىدا كىتابنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا كىتابتىكى مەزمۇنلارغا ماسلاشتۇرۇپ ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇگۈن تورغا «قورساقتىكى بوۋاققا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىسى» دېگەن ئىبارىنى كىرگۈزۈپ ئىزدەپ باقتىم. نەتىجىدە بۇ ھەقتىكى ئىنگلىزچە ماتېرىياللار خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. مەن مەزكۇر يازمىدا ئاشۇنداق ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسىنىڭ مەزمۇنىنى

تونۇشتۇرىمەن [2-1]. كېيىنكى يازمىدا تۇغۇلۇپ بولغان بالىدا كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ھەققىدە توختىلىمەن.

مەن ئالدىنقى 3 پارچە ماقالىغا چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ مەزمۇنىدىن [5-3]، ھازىر ئۇيغۇر دىياردىكى بالىلار ئۇچۇن ئۆيدە كىتاب ئوقۇغۇدەك ۋاقىت ئاساسەن يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ مەكتەپتىن كېيىنكى ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن تاپشۇرۇق ئىشلەشكە سەرپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدىم. لېكىن، مەزكۇر تېما ھەققىدە قەلەم تەۋرەتمەي زادىلا تۇرالمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، ھازىر ئامېرىكىدا تاماكا چېكىشنىڭ راك كېسىلى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تەشۋىقات قايسى دەرىجىدە كۈچلۈك ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، بالىغا كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىمۇ ئوخشاش دەرىجىدە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك تەشۋىق قىلىنىدۇ. مەن بىر مىللەتنىڭ بالىلار تەربىيىسىنى مانا مۇشۇنداق تۇتماي تۇرۇپ، ۋە مۇشۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ، تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ خەلقلىرىگە قانداق يېتىشىۋالالايدىغانلىقىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. شۇڭلاشقا مەن ئۆزۈم قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلغاچ تۇراي. يەنى، ئۇيغۇر دىياردىكى ئاتا-ئانىلارغا بالىلارغا كىتاب ئوقۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي. بۇ ساھەدە قانداق ئىشلارنى ئېلىپ بېرىشنى ھەر بىر ئاتا-ئانا ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزلىرى قارار قىلسۇن.

## 1. نېمە ئۈچۈن تۇغۇلمىغان بوۋاققا كىتاب ئوقۇپ بېرىش كېرەك؟

مەن ئەمدى تۆۋەندىكى 1-مەنبەنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇشنى باشلايمەن.

يېقىنقى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، قورساقتىكى بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش بالىغا ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەسىرلەرنىڭ بىرى، قورساقتىكى بوۋاقنىڭ تىلنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى قوبۇل قىلىشىدۇر. شۇنداقلا قورساق كۆتۈرۈش مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى 3 ئاي ۋاقتىدا ھەر كۈنى رىتىملىق ۋە قايتىلاپ ھېكايە ئوقۇپ تۇرغاندا، بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن بالىنى تىنچىتىش رولىنى ئوينايدۇ (soothe your baby). قورساقتىكى بالىغا كىتاب ئوقۇپ بەرگەندە، بالا ئاپىسىنىڭ ياكى ئۆيدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ ئاۋازى بىلەن تونۇشىدۇ. شۇنداقلا تۇغۇلمىغان بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش بالىنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتى (cognitive growth) نى ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلىدۇ.

سىز ھەر قېتىم قورسىقىڭىزدىكى بالىغا كىتاب ئوقۇپ بەرگەندە، سىز ھېسسىيات جەھەتتە بالىڭىز بىلەن بىر كۈچلۈك باغلىنىش شەكىللەندۈرىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە سىزنىڭ ئۆزگىچە ئاۋازىڭىز بالىڭىزغا ئاستا-ئاستا تونۇشلۇق بولۇپ قالىدۇ. بالىنىڭ دادىسى، ئاكىسى، ھەدىسى، ھەمدە چوڭ-ئاپا ۋە چوڭ-دادىلىرىمۇ تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بالىغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ بەرسە بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بۇرۇن ئاڭلاپ باققان، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا تېزلا كىرىشىپ كېتىدۇ. بالىڭىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن باشلانغان مۇشۇنداق ھۇزۇرلۇق، كىتاب ئوقۇشنى مەركەز قىلغان بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇش جەريانى بالىڭىز تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەتكىچە داۋام ئېتىدۇ.

## 2. تېخى تۇغۇلمىغان بوۋاق بىلەن مېھرى-مۇھەببەت ئورنىتىش

تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىسپاتلىغان يەنە بىر ئىش بار [2] بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاقتا ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆيۈمىنى سېزىدىغان ھېسسىي (emotional) ۋە تۇغما (intuitive) قابىلىيەتلەر بار بولىدۇ. پەرزەنت تەربىيىلەش مۇتەخەسسىسى لۇمىنار روسېن (Luminare Rosen) نىڭ دېيىشىچە، «تۇغۇتتىن بۇرۇنقى بالىلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا كۆرۈش، ئاڭلاش، ھېس قىلىش، ئەستە تۇتۇش، تېتىش ۋە ئويلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ.»

يەنە بىر مۇتەخەسسىس، مارىلې خارتلىڭ (Marilee Hartling) نىڭ دېيىشىچە، ئاتا-ئانا بىلەن بوۋاق ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن دۇنيانىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىنىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بوۋاقلارنىڭ مىجەزىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ. ئانا بىلەن بوۋاق ئوتتۇرىسىدا بىر ساغلام باغلىنىش مەۋجۇت بولغاندا، بوۋاق «بۇ دۇنيا بىر بىخەتەر جاي ئىكەن» دېگەن تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئىشەنچ تۇرغۇزۇش جەريانىنىڭ باشلىنىشىدۇر. بەزى ئانىلار قورسىقىدا بالا قالغان ۋاقىتتىن باشلاپلا بالا بىلەن بىر باغلىنىش ھاسىل قىلغاندەك ھېس قىلىدۇ. بەزى ئانىلاردا بۇ خىل ھېسسىيات بالىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كۈچىيىپ ماڭىدۇ. دادىلاردا بۇ خىل جەريان ئانىلارغا قارىغاندا كېيىنرەك يۈز بېرىدۇ. دادىلار دوختۇرخانىغا ئايالى بىلەن بىللە بېرىش، قورساقتىكى بوۋاقنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى ئارقىلىق كۆرۈش ۋە بوۋاقنىڭ تەپكىنىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بوۋاق بىلەن بولغان باغلىنىشىنىڭ كۈچىيىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

لۇمىنار روسېننىڭ دېيىشىچە، بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ئاڭلىغان مۇزىكىنى تونۇيالايدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Why read to your baby before birth?
http://thereadingwomb.wordpress.com/2011/05/11/why-read-to-your-belly/

[2] بىلىمخۇمار: « ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى «كەسىپ تاللاش» پائالىيىتى»
http://bbs.izdinix.com/thread-58417-1-1.html

[3] بىلىمخۇمار: « مەكتەپ تاپشۇرۇقلىرى قانچىلىك بولسا ئەڭ مۇۋاپىق؟»
http://bbs.izdinix.com/forum.php?mod=viewthread&tid58597#=lastpost

[4] بىلىمخۇمار: «ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ دەرسى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى»
http://bbs.izdinix.com/thread-58684-1-1.html

[5] Bonding With Baby Before Birth
http://www.webmd.com/baby/features/bonding-with-baby-before-birth



1 ـ رەسىم: بىر ئامېرىكىلىق بوۋاق ۋە ئۇنىڭ ئانىسى.



2 ـ رەسىم: بىر ئۇيغۇر بوۋاق.

# بۆشۈكنىڭ بوۋاققا زىيىنى بارمۇ؟

2014-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى

مەن ئالدىنقى قېتىم «تۇغۇلمىغان بوۋاققا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىلىرى» دېگەن يازمىنى تورلارغا يوللىغاندىن كېيىن، بەزى قېرىنداشلار ئىنكاس يېزىپ، مەندىن «بۆشۈكنىڭ بوۋاققا زىيىنى بارمۇ؟» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن تورلارنى ئىزدەپ باقسام، بۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلەر ئاساسەن يوق بولۇپ، نوپۇزلۇق ئورۇنلار تەييارلىغان ماقالىدىن پەقەت بىرنىلا تاپتىم. مەزكۇر ماقالىدا مەن ئاشۇ ماتېرىيالنىڭ مەزمۇننى تونۇشتۇرىمەن.

مەن پايدىلانغان ماتېرىيال [1] نى تەييارلىغان ئورۇن ئامېرىكىدىكى «بالىلارنى قۇتقۇزۇش» فوندى جەمئىيىتى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت 1932-يىلى قۇرۇلغان ئىكەن [2]. 2011-يىلى بۇ تەشكىلات پۈتۈن دۇنيا بويىچە 26 دۆلەتتىكى 15 مىليون بالىلارغا ياردەم قىلىپتۇ. ئۇلار تەييارلىغان، بۆشۈك ھەققىدىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماقالە 2011-يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «تاجىكىستاندىكى زىيانلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەر» (Harmful traditional practices in Tajikistan) ئىكەن.

تۆۋەندىكىسى 1-مەنبەدىكى مەزمۇنلار. ئەگەر مەن ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى مەن بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن.

تاجىك خەلقى تارىختىن بۇيان يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى بۆشۈككە بۆلەپ بېقىپ كەلگەن. بۆشۈككە بۆلەنگەن بوۋاق پۇت-قولىنى مىدىرلىتالمايدۇ، ھەمدە بىر ياندىن يەنە بىر يانغا ئۆرۈلەلمەيدۇ. پەقەتلا بېشىنى يان تەرەپكە ئازراق مىدىرلىتالايدۇ. بالىنى بۆشۈككە بۆلەپ قويۇشتىكى مەقسەت بالىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا بالىنىڭ ئانىسى بوۋاق يىغلىمىسىلا ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشتۇر. تاجىك خەلقى ئارىسىدىكى بۇ ئادەت بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇلۇپ كەلگەن كۆپلىگەن مەدەنىي ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان.

«بالىلارنى قۇتقۇزۇش» فوندى جەمئىيىتى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، تۆۋەندىكى ئەھۋالنى بايقىدى:

ئادەتتە 2 ئايلىقتىن 20 ئايلىققىچە بولغان بوۋاقلار بۆشۈككە بۆلىنىدۇ. ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئىچىدىكى 70 پىرسەنتى تۇغۇلۇپ 5 - 7 كۈن بولغان ھامان بۆشۈككە بۆلىنىدۇ. بوۋاقلارنىڭ بىر كۈن ئىچىدە بۆشۈكتە ياتىدىغان ۋاقتى 20 سائەتكىچە بولىدۇ. بوۋاق قانچە كىچىك بولغانسېرى ئۇنىڭ بۆشۈكتە ياتىدىغان ۋاقتىمۇ شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ. بوۋاق يىغلىغۇچە بۆشۈكتە ياتىدىغان بولۇپ، يىغلىغاندىن كېيىنمۇ بۆشۈكتىن يېشىلمەيدۇ. بەلكى، باشقىلار بۆشۈكنى

تەۋرىتىپ، بوۋاقنى يەنە ئۇخلىتىپ قويىدۇ. بوۋاقنىڭ ئانىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بوۋاقنى بۆشۈكتىن يەشمەي تورۇپلا ئېمىتىدۇ. ئانىلار بوۋاقنى بۆشۈكتىن يېشىپ چىقارغان ۋاقىتلاردىمۇ، ئۇلارنى ئەدىيال ياكى يوگەك بىلەن چىڭ يوگەپ قويىدۇ. ئادەتتە بوۋاقلار ئىككى ياشقا كىرىپ، بويىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بۆشۈكتىن ئۇزۇنراق بولۇپ كەتكۈچە بۆشۈكتە ياتىدۇ.

## 1. بۆشۈكنىڭ پايدىلىرى

ئانىلاردىن نېمە ئۈچۈن بۆشۈك ئىشلىتىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار تۆۋەندىكى جاۋابلارنى بەردى:

- بۇ بىزنىڭ مەدەنىي ئەنئەنىمىز بولۇپ، ئۇنى بىزگە ئاپىمىز ئۆگەتكەن.
- مېنىڭ بالام بۆشۈكتە ئىسسىق ۋە قۇرۇق تۇرۇپ، ياخشى ئۇخلايدۇ. بۇ قىش كۈنلىرى ناھايىتى مۇھىم.
- پوق لاتىسىغا قارىغاندا سۈ ئاز كېتىدۇ، ھەمدە سۇيدۇك لاتىسى (diapers) ئېلىش زۆرۈر بولمايدۇ.
- ئۆيدە ۋە ئېتىزلاردا نۇرغۇن ئىشلىرى بار ئانىلار ئۈچۈن بۆشۈك ئىنتايىن قۇلايلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى يېنىكلەيدۇ.
- كىچىك بالىلاردىن بىر قانچىسى بار ئائىلىدە بۆشۈك بوۋاقنىڭ بىخەتەرلىكىگە، ئۇنىڭ بىرەر خېيىم-خەتەرگە ئۇچراپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.
- ئاياللارنىڭ قارىشىچە، بۆشۈككە بۆلەنگەن بوۋاقنىڭ بېشى سوقىچاق بولۇپ قالمايدۇ، بوۋاقنىڭ قوللىرى بىلەن پۇتلىرى ئەگرى بولۇپ قالمايدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ دۈمبىسى تۈز چوڭ بولىدۇ.
- ھەممەيلەننىڭ قارىشىچە، بۆشۈككە بۆلەنمىگەن بالا دەلدەڭشىپ ماڭىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## 2. بۆشۈكنىڭ زىيانلىرى

«بۆشۈكنىڭ بوۋاقلارغا قانداق زىيانلىرى بار؟» دېگەن سوئالغا كۆپىنچە ئانىلار «ھېچ قانداق زىيىنى يوق»، دەپ جاۋاب بەردى.

پەقەت ئانىلاردىن ئىككىسىلا بۆشۈككە بۆلەنگەن بوۋاقلارنىڭ بەزىلىرى جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ياكى ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى بىر ئاز كېچىكىدىغانلىقىنى، ھەمدە بۆشۈكنى بەك قاتتىق تەۋرەتكەندە بوۋاقنىڭ مېڭىسى زەخىملىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىر قىسىم ئانىلار مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويدى: بۆشۈككە ئانچە كۆپ بۆلەنمەي بېقىلغان بالىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كۈنىگە 10 سائەتتىن كۆپرەك بۆشۈككە بۆلەپ چوڭ قىلغان بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ياكى چۈشىنىش، ئەستە قالدۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش، ۋە ئاساسلاش (cognitive) ئىقتىدارلىرىنىڭ يېتىلىشى ئاستىراق بولىدۇ. بۆشۈككە بۆلەنگەن بوۋاقلارنىڭ پۇت-قوللىرى داۋاملىق چىڭ باغلاقلىق تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكى ئاساسەن يوق بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇش ۋە مېڭىشنى ئۆگىنىشىمۇ ئاستىراق بولىدۇ. ئانىلار بۆشۈككە بۆلەنگەن بوۋاقلار بىلەن بىللە

جىسمانىي ھەرىكەت ئېلىپ بارمايدۇ، ھەمدە بوۋاقنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى ياكى روھىي جەھەتتىكى ئانا-بالا باغلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىرەر ئىشلارنى قىلمايدۇ. بالىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇش ياكى مېڭىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، بالا يېتەرلىك دەرىجىدە كۈن نۇرى كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ چىشىنىڭ چىقىشى كېچىكىپ كېتىپ، ۋىتامىن D نىڭ كەمچىلىكىدىن بالا بەزىدە راخت كېسىلى (rickets disease) گە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

نورمال ئۆسكەن بوۋاقلار بىرىنچى يىلى تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلالىشى كېرەك:
-- يانتۇ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان 1-2 ئايلىق بولغان بوۋاق بېشىنى كۆتۈرەلەيدۇ.
-- 3-4 ئايلىق بولغان بوۋاق بىر ياندىن يەنە بىر يانغا ئۆرۈلەلەيدۇ.
-- 6-7 ئايلىق بولغان بوۋاقنىڭ چىشى چىقىشقا باشلايدۇ، ھەمدە ئۆرۈلۈپ كەتمەي ئولتۇرالايدۇ.
-- 7-8 ئايلىق بولغان بوۋاق ئۆمىلەيدۇ. 11-12 ئايلىق بولغان بوۋاق مېڭىشقا باشلايدۇ.

بىر يەرلىك دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، بۆشۈكنىڭ بوۋاقلارغا بەزى زىيانلىرى بار. مەسىلەن، بۆشۈكنى قاتتىق تەۋرىتىش بالىدا روھىي ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. نۇرغۇن ئانىلار بۆشۈككە بۆلەكلىك تۇرغان بوۋاقنى بۆشۈكتىن يەشمەي تۇرۇپلا ئېمىتىدىغان بولۇپ، ئۇنداق قىلغاندا بوۋاقنىڭ قورسىقىدىكى سۈتنىڭ ئايلىنىشى نورمال بولمىغانلىقتىن، بوۋاقلار ئەمگەن سۈتنى قۇسۇۋېتىدىغان ئىشلار كۆپ كۆرۈلىدۇ. بەزى ئانىلار بۇ ئىشنى توغرا چۈشەنمەي، «بالىنى ئەمدۈرسەم بولمايدىكەن»، دەپ ئويلاپ، بالىسىنى ئەمچەكتىن ئايرىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بار.

## 3. تەۋسىيىلەر

(1) بوۋاقنىڭ بۆشۈكتە ياتىدىغان ۋاقتى چەكلىنىشى، ھەمدە بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەش بىلەن ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى روھىي باغلىنىش بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. ھۆكۈمەت بالىلارنىڭ قايسى جەھەتلەردە نورمال ئۆسۈشى كېرەكلىكىنى ئۆز خەلقىگە تولۇق بىلدۈرۈشى كېرەك. بوۋاقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەرنى، شۇنداقلا چۈشىنىش، ئەستە قالدۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسە چىقىرىش، ۋە ئاساسلاش ئىقتىدارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) ھۆكۈمەت مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، دوختۇرخانىلاردىكى خادىملار ۋە مەمۇرىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان خادىملارنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى زۆرۈر بولغان ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. دوختۇرخانىدىكى خادىملار ۋە مەمۇرىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغانلار ئانىلارنى بالا تەرەققىياتى جەھەتتىكى زۆرۈر ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارالايدۇ.

يۇقىرىدىكىسى 1-مەنبەدىكى مەزمۇنلار.

## 4. ئاخىرقى سۆز

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، تاجىكىستاندا بايقالغان ئەھۋاللار ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت، دەپ ئويلايمەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بۆشۈكى بىلەن ھازىرقى زامان ئېلېكترونلۇق بۆشۈكلىرىنىڭ پەرقلىرىنى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئىشلىتىپ باققان ئانىلار ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ. يەنى، ئەنئەنىۋى بۆشۈك بىر قاتتىق يۈزنىڭ ئۈستىدە تەۋرىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ بېشىنى خېلى قاتتىق چايقايدۇ. يېڭى ئېلېكترونلۇق بۆشۈكلەر بولسا گۈلەڭگۈچكە ئوخشاش سىلىق تەۋرەيدىغان، ھەمدە بالىلار ئۇنىڭدا يانتۇ ياتىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى ئەنئەنىۋى بۆشۈكتىن كۆپ ئاز، دەپ قارىساق خاتالاشمايمىز. مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇنلاردىن بىز يەنە بالىنىڭ بۆشۈكتە ياتىدىغان ۋاقتىنى ئىمكانقەدەر قىسقارتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Harmful traditional practices in Tajikistan
http://www.ohchr.org/Documents/HRBodies/CEDAW/HarmfulPractices/SavetheChildren.pdf

[2] Save the Children -- History
http://www.savethechildren.org/site/c.8rKLIXMGIpI4E/b.6229507/k.C571/History.htm


ئېلېكترونلۇق بۆشۈكلەرنىڭ رەسىملىرى http://www.walmart.com دىن ئېلىندى.





 

# كىچىك بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ 10 چوڭ پايدىسى

2014-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى قېتىم تەييارلىغان «تۇغۇلمىغان بوۋاققا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىلىرى» دېگەن تېمىدىكى بىر ماقالىسىدە، غەربتە ياشايدىغان، بالا تەربىيىسى كەسپىدە ئالىي ئۇنۋانلارنى ئالغان، ۋە بالا تەربىيىسى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەر ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم نەزەرىيىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. مەزكۇر ماقالىدا كىتابنىڭ تۇغۇلۇپ بولغان بالىلار ئۈچۈن قانداق رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىمەن. يەنى تۇغۇلۇپ بولغان، ئەمما مەكتەپ يېشىغا تېخى توشمىغان بالىلارغا كىتابنىڭ قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

بىر ئادەم ئىنگلىزچە Google غا كىرىپ، «بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقى» (the importance of reading books to children) دەپ ئىزدەپ باقىدىغان بولسا، بۇ ھەقتىكى ئىنگلىزچە مەنبەلەرنىڭ كۆپلۈكىگە ئىنتايىن ھەيران قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال مەندەك بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغان كىشىگىمۇ خېلى زور قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. يەنى بىز «بۇ ساھەدە ماتېرىياللار بەك كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىسىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز.

مەن بۇ قېتىم «دەسلەپكى مەزگىللەر» (Early Moments) دېگەن بىر تور بېتىنى تاللىدىم. بۇ تور بەتتە بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى ئۈچۈردىن باشقا، ھازىرغىچە غەرب ئەللىرىدە بالا تەربىيىسىدە ئەڭ كۈچلۈك رول ئوينىغان ياكى ئەڭ كۆپ تارقالغان نۇرغۇن كىتابلار بار ئىكەن. ھەممىدە «بىر ياشلىق بالا»، «ئىككى ياشلىق بالا» دېگەن ئايرىم-ئايرىم سەھىپىلەر بار بولۇپ، ئاشۇ كاتېگورىيىلەرنىڭ ھەر بىرسىگە توغرا كېلىدىغان بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى، ھەممىدە كىتاب ۋە باشقا ماتېرىياللار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئايرىم-ئايرىم تەمىنلىنىپتۇ. بۇ تور بەتنىڭ ئىچىدىكى ئۇچۇرلارنى بىر قانچە پارچە ماقالە بىلەن تونۇشتۇرۇپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇڭا مەن مەزكۇر ماقالىدا ئاشۇ تور بەتتىكى پەقەت بىرلا مەزمۇننى، يەنى مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىلىرىنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇ تور بەتتىكى باشقا بىر قىسىم مەزمۇنلارنى ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى ماقالىلىرىدە تونۇشتۇرۇشۇم مۇمكىن.

رەسمىي مەزمۇننى باشلاشتىن بۇرۇن، مەن ئالدى بىلەن مەزكۇر تور بەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئازراق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

تۆۋەندىكىسى «دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتىدىكى مەزمۇنلار. ئەگەر مەن ئۆز پىكرىمنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنى مەن «ئىلاۋە» شەكلىدە كىرگۈزىمەن.

## 1. «دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

«دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتىنى قۇرغانلار يالغۇز مۇھەررىرلەر بىلەن نەشرىياتچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن [1]، ئۇلار كىچىك بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپنىڭ مائارىپ كەسپىنى پۈتتۈرگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بالىلار كىتابلىرى نەشرىياتى ساھەسىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن كەسىپ ئەھلىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئاساسىي نىشانى ئاتا-ئانىلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ۋە ناھايىتىمۇ ھوزۇرلىنارلىق كىتاب ئوقۇش شارائىتى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەتتۇر.

«دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتىنىڭ باش شىركىتى 1965-يىلى بىر ياش ئاخباراتچى تەرىپىدىن نورۋېگىيەدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى باشلىشىغا ئۆزىنىڭ بىر يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىدىن ئەڭ ياخشى دەرىجىدە خەۋەر ئېلىش ئىستىكى تۈرتكە بولغان. ئۇ بىر گورۇپپا بالا تەربىيىسى (child development) مۇتەخەسسىسلىرىنى يىغىپ، ياش ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن «بوۋاق كىتابى» (The Baby Book) دەپ ئاتالغان بىر قوللانمىنى نەشر قىلىپ، ئۇنى دوختۇرخانىلار ئارقىلىق تۇنجى قېتىم پەرزەنتلىك بولغان ئاتا-ئانىلارغا تارقاتقان. ھازىر بۇ كىتابنىڭ 42-نەشرى بېسىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ 1965-يىلدىن باشلاپ پۈتۈن ياۋروپادا نەشر قىلىنىپ كەلگەن. 45 يىلدىن ئۇزۇنراق ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر بالىلار، ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە نۇرغۇن بىلىم ۋە تەجرىبە-ساۋاقلارنى توپلىغان.

45 يىلدىن بۇيان «دەسلەپكى مەزگىللەر» گورۇپپىسى ئامېرىكىدىكى ئەڭ داڭلىق ماركىلاردىن «دوكتور سيۇس» (Dr. Seuss)، «دىسنېي» (Disney) ۋە «بوۋاق ئېينىشتېين» (Baby Einstein) قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ كەلگەن.

ئىلاۋە: مەن غەرب ئەللىرىدە بالىلارغا بىلىم بېرىدىغان ۋە بالىلارنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان ھەر خىل كىتابلارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى بىلەتتىم. ئەمما، دۇنياغا داڭلىق فىزىكا ئالىمى ئالبېرت ئېينىشتېين (Albert Einstein) نىڭ ئىسمى قوللىنىلغان بىر ماركىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئېينىشتېين فىزىكا ساھەسىدە بايقاشلىرى ئەڭ كۆپ بولغان داڭلىق ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ بايقاشلىرى ئىچىدە «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەن ھازىر «بوۋاق ئېينىشتېين» ماركىسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى تەكشۈرۈپ باقتىم. ئۇنىڭدا كىچىك بالىلار ئويناپ يۈرۈپ ئۆزى مۇستەقىل ھالدا يېڭىلىقلارنى بايقاشنى مەزمۇن قىلغان كىتابلاردىن 50 تەك كىتاب بار ئىكەن [2].

«دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاتا-ئانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىز بالىلىرىمىزغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىمىز. بىز ئۇلارنى ئۇلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ باغرىمىزغا بېسىپ، ئۇلارغا بىر خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىمىز. ئۇلار ئويناش مەيدانىدا كۆرسەتكەن سېركىچىلىك ئويۇنلىرىغا چاۋاك چېلىپ، بىز ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىمىز. ئۇلار بىلەن بىر دولقۇنلۇق كۆلدە سۇ ئۈزۈپ، بىز ئۇلارنىڭ يېڭىلىقلارغا بولغان ھەۋسىنى قوزغايمىز. ئەمما، شۇنداق بىر سوۋغات باركى، ئۇ بالىلىرىمىزغا

يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى ئاتا قىلالايدۇ. ئۇ بولسىمۇ باللارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش سوۋغىتىدىن ئىبارەت. ھەر كۈنى بالىڭىز بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇش، بالىڭىزغا ئۇنىڭ يېشىغا ماس كېلىدىغان ۋە ئۇنى جەلپ قىلىدىغان كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىش، ھەمدە ئۆزىڭىز بىر كىتاب ئوقۇش ئۈلگىسى بولۇپ بېرىش ئارقىلىق، سىز بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقىرالايسىز. بالىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۆگىنىدىغان، ئۆگىنىشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلىيەلەيسىز. «دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتى سىزنى بالىڭىزنىڭ ساۋاتىنى كىچىك ۋاقتىدىلا چىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز سىزنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىزنىڭ سىزگە ۋە ئۆمۈر-بويى كىتاب ئوقۇغۇچى بولۇش ئالدىدا تۇرغان بالىڭىزغا قانداق ياردەمدە بولالايدىغانلىقىمىزنى بىلىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.»

ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى تونۇشتۇرۇشنى باشلايمەن [3].

## 2. كىچىك بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ 10 چوڭ پايدىسى

سىز بالىڭىزدا يېتىلدۇرمەكچى بولغان ئەڭ مۇھىم ئىقتىدارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئېھتىمال بالىڭىزنىڭ ئەقىللىق بولۇشىدۇر. ھەممىمىز بالىلىرىمىزنىڭ ئەقىللىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. شۇڭلاشقا بىز ياخشى مەكتەپنى تاللاشقا ۋە تاللىغان مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىز كۈتكەن يەردىن چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىمىز. ئەمما، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز بالىنىڭ دادىسى ياكى ئاپىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، كىتاب ئوقۇشنى بالىڭىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى قىلىش ئارقىلىق بالىڭىزنىڭ بىلىم ئېلىش پۇرسىتىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتەلەيسىز.

ئىلاۋە: ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىدە ھەر بىر ئائىلىلىكلەر رايوندا ياشايدىغان باللارنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتەپلىرى ئالدىن بېكىتىۋېتىلگەن بولۇپ، سىز ماۋۇ رايوندا ياشاپ، بالىڭىزنى يەنە بىر رايونغا تەۋە مەكتەپكە كىرگۈزەلمەيسىز. بۇ ئىش ھۆكۈمەت مەكتەپلىرى ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ، خۇسۇسىي مەكتەپلەرگە بۇنداق چەكلىمە قويۇلمايدۇ. ئەمما، خۇسۇسىي مەكتەپلەر خېلى يۇقىرى ئوقۇش پۇلى ئالىدۇ. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرى بولسا ھەقسىز ئوقۇتىدۇ. ئەگەر سىز بالىڭىزنى باشقا بىر رايوندىكى ياخشىراق مەكتەپكە بەرمەكچى بولسىڭىز، ئۆيىڭىزنى شۇ رايونغا كۆچۈرۈشىڭىز، ياكى ئاشۇ رايوندا بىر ياتاق ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشىڭىز كېرەك. ئامېرىكىدا ئەنە شۇنداق قىلىدىغانلار خېلى كۆپ.

بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ بىر ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئەمما سىز ئەمدىلا ئايىغى چىققان ياكى تېخى مەكتەپ يېشىغا توشمىغان باللارغا كىتابنىڭ پايدىسىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلار ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارلارنى بىلەمسىز؟ سىز 2 ياشتىن 5 ياشقىچە بولغان باللارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك مۇھىم پايدىلارغا ئېرىشەلەيسىز.

(1) ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا بىر كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىش. بالا يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ ئويناش، يۈگۈرۈش ۋە توختىماستىن ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىش ئىشلىرى بىلەن ئىنتايىن ھەرىكەتچان بولۇپ كېتىدۇ. بالىغىز بىلەن بىللە يېتىپ، ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق، سىلەر ئىككىڭلار بارلىق ھەرىكەتتىن توختاپ، بالىغىزنىڭ بۇۋاق ۋاقتىدىكى تاتلىقلىقى بىلەن ئۇنى باغرىڭىزغا باسقان ۋاقىتتا سىزگە ئېلىپ كەلگەن راھەتلىك پەيتلەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرەلەيسىز. بالىغىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش بىر ۋەزىپە ئەمەس، ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرىدىغان بىر تەربىيىلەش جەريانىغا ئايلىنىدۇ.

(2) بالىنى مەكتەپتە ئەلا دەرىجىدە ئوقۇيدىغان قىلىش. يېڭى ماڭغان ۋە مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ بىر ئاساسىي پايدىسى ئاشۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان بالىلارنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىشى ئادەتتە ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، مەكتەپ يېشىغا توشۇشتىن بۇرۇن كىتاب بىلەن كۆپ ئۇچراشتۇرۇلغان بالىلارنىڭ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى كۆپ يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر بىر بالا سۆز ۋە جۈملىلەرنى قۇراشتۇرۇش جەھەتتە قىينالسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆتۈلگەن ماتېماتىكا، تەبىئىي-پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ئۇقۇملىرىنى ياخشى چۈشىنەلىشىمۇ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

(3) ئاساسىي سۆزلەش ئىقتىدارلىرىنى يېتىلدۈرۈش. بالىلار يېڭى مېڭىشقا باشلاپ، مەكتەپ يېشىغا توشقۇچە ناھايىتى ھالقىلىق تىل ۋە تەلەپپۇز قىلىش ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىدۇ. بالىڭىز سىز ئوقۇپ بەرگەن كىتابنى ئاڭلاپ، تىلنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئاھاڭلارنى ئەستە قالدۇرىدۇ. يېڭىدىن ماڭغان بىر بالىنىڭ كىتابلارنى ۋاراقلاپ، يالغاندىن كىتاب ئوقۇشى ئۇنىڭ ساۋاتلىق بولۇشىدىن بۇرۇنقى بىر ئىنتايىن مۇھىم پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق بالىڭىز بىر قىسىم سۆزلەرنى ئۆزلۈكىدىن تەلەپپۇز قىلىشقا باشلايدۇ.

(4) كىتاب ئوقۇشنىڭ ئاساسلىق ماھارىتىنى ئىگىلەش. بالىلار تېكىستلەرنىڭ سولدىن ئوڭغا ياكى ئوڭدىن سولغا ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان، ياكى كىتابتىكى سۆزلەر بىلەن رەسىملەرنىڭ ئۆز-ئارا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان ھالدا تۇغۇلمايدۇ. بالىلاردا ئادەمدە كەم بولسا بولمايدىغان ئاشۇنداق ماھارەتلەرنى ئۇلارغا كىچىك ۋاقتىدا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

(5) كۈچلۈك ئالاقىلىشىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش. يېڭىدىن ماڭغان بالىغا كىتاب ئوقۇپ بەرسىڭىز، ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى سۆز ئارقىلىق ياخشىراق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساغلام ئېلىپ بارالايدىغان بولىدۇ. سىز ئوقۇپ بەرگەن كىتابتىكى پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە دىققەت قىلىش، ھەمدە كىتاب ئوقۇش ۋاقتىدا سىز بىلەن ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بالىڭىز ئىنتايىن قىممەتلىك ئالاقىلىشىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئىلاۋە: غەرب ئەللىرىدىكى مەكتەپ ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر ئادەمنىڭ ئېغىزاكى ۋە يازما شەكىلدىكى «ئالاقىلىشىش ئىقتىدارلىرى» (communication skills) غا

ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا غەرب ئەللىرىدە بۇ ئىقتىدارلارنى يېتىلدۈرۈشنى باللار كىچىك ۋاقتىدىلا باشلايدۇ. ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئىچىدە كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەت قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشايدىغانلار ناھايىتى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇنداق ئىشقا ئىنتايىن ئۇستا كېلىدۇ. ھەمدە ئاشۇنداق كەسىپ بىلەن ناھايىتى ياخشى ياشايدۇ. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ۋاقتىمدا، «ئالاقىلىشىش ئىقتىدارى» دېگەن بىر ئۇقۇمنى ئۇچرىتىپ باققىنىم ئېسىمدە يوق. يەنى، ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، بۇنداق ئاجىزلىق توغرا سوئالنى سوراش، سوئالنى توغرا سوراش، ئۆز مەقسىتىنى توغرا ئىپادىلەش، ئۆز بىلىمىنى باشقىلارغا ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە نامايان بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىدىكى بىر سەۋەب، ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشنى بىر ئادەتكە ئايلاندۇرمىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كىتاب ئوقۇماسلىق ھازىرمۇ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ ئىنتايىن ئېغىر.

(6) تىلنى پىششىق ئىگىلەش. تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، يېڭى ماڭغان ۋاقىتتىن باشلاپ كىتاب بىلەن ھەپىلىشىش باللارنىڭ ناھايىتى پۇختا تىل ئاساسىغا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

(7) تېخىمۇ كۆپ لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئىگىلەش. كىچىك باللارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم پايدىسى، ئۇلاردا ئابستراكت ئۇقۇملارنى چۈشىنىش، ھەر خىل ئەھۋاللارغا قارىتا لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، سەۋەب بىلەن نەتىجىنى توغرا تونۇش، ۋە توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. بالىڭىز سىز ئوقۇپ بەرگەن ھېكايىنى ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيا بىلەن باغلىغاندا ئۇ باشقىچە ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ.

(8) يېڭى نەرسىلەرگە خۇش پېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ياكى يېڭىلىقنى ھەر ۋاقىت قارشى ئالىدىغان بولۇش. بالىڭىز ئۆسۈش جەريانىدىكى بىر مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا يېقىنلاشقاندا، ياكى مەلۇم بىر بېسىمى ئېغىر ئىشقا يولۇققاندا، ئۇنىڭغا ئاشۇنداق ئەھۋاللارغا ماس كېلىدىغان ھېكايىدىن بىرنى ئوقۇپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر ئۆتكەلدىن قىينالماي ئۆتۈپ كېتىشى كۆپ ئاسانغا توختايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بالىڭىز يەسلىگە كىرىش ئالدىدا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېكايىدىن بىرنى ئوقۇپ بەرسىڭىز، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئاز جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنىڭ بىر نورمال ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

(9) بىر ئىشقا زېھنىنى يىغىش ۋە ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارلىرىنى كۈچەيتىش. يېڭى ماڭغان باللار دەسلەپىدە كىتاب ئوقۇۋاتقاندا جىم ئولتۇرماسلىقى ياكى ھېكايىگە زېھنىنى يىغالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار بارا-بارا كىتاب ئوقۇۋاتقاندا زېھنىنى كىتابقا مەركەزلەشتۈرىدىغان بولىدۇ. كىتاب ئوقۇپ يېڭى چۈشەنچە ھاسىل قىلىش جەريانىدا ئۆز-ئۆزىنى ياخشىراق كونترول قىلىدىغان، زېھنىنى بىر ئىشقا ئۇزۇنراق يىغالايدىغان، ھەمدە ئەستە ياخشىراق قالدۇرالايدىغان قابىلىيەتلەرنىمۇ يېتىلدۈرىدۇ. بالا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بۇ ئىقتىدارلار ئۇنىڭ مەكتەپتە ئەلا دەرىجىدە ئوقۇشىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە ياردەم قىلىدۇ.

(10) كىتاب ئوقۇشنىڭ بىر ھۇزۇرلىنارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش. يېڭى ماڭغان باللارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشنىڭ بىر تۈرلۈك ئادەم بېرىلىپ كېتىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ بىر ۋەزىپە ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان قىلىدۇ. كىچىك ۋاقتىدا

كىتابنى كۆپ ئاڭلىغان بالىلار ۋىدىئو ئويۇنلىرى، تېلېۋىزور ۋە باشقا شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىغا قارىغاندا كىتاب ئوقۇشنى ياخشىراق كۆرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ.

كىتاب يېڭى ماڭغان ۋە مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلارغا سانسىزلىغان جەھەتتە پايدا يەتكۈزۈش كۈچىگە ئىگە. ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن كىچىك بالىسىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش بالىسىنى مەكتەپلەردە ئەلا دەرىجىدە ئوقۇيدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

## 3. ئاخىرقى سۆز

مەن ھەر قېتىم غەربنىڭ بالا تەربىيىسى جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى كۆزەتكەندە، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ بۇ جەھەتتە نەقەدەر ئارقىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن، ھەمدە ناھايىتى تىت-تىت بولىمەن. ئامېرىكىدىكى چوڭ-چوڭ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە «بالا تەرەققىياتى» ياكى «بالا تەربىيىسى» (child development) دېگەن بىر كەسىپ بار بولۇپ، ئەگەر بىر ئادەم مۇشۇ كەسىپتە ھەپتىسىگە 3 سائەتتىن ئۆتۈلىدىغان دەرستىن 4 نى ئوقۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق لاياقەتلىك كىنىشكىسى ئالمايدىكەن، ئۇ بىر باشلانغۇچ مەكتەپكىمۇ ئوقۇتقۇچى بولالمايدۇ. يەسلىگە ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلارغىمۇ مۇشۇ جەھەتتە بەلگىلىك تەلەپلەر قويۇلىدۇ. قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن چوقۇم ھەر ئىككى تىلدا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە ساۋاتلىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەن بۇرۇن يازغان ماقالىلىرىمنىڭ بىر قانچىسىدە يەھۇدىيلار بىلەن ياپونلارنىڭ بالا تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. ئەگەر بىز دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئاشۇنداق تەرەققىي قىلالىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بالا تەربىيىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى چوقۇم ئاشۇ ئامىللار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىز تېخىچە بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى ياخشى قىلالمايۋاتىمىز.

تۆۋەندە مەن ئۆزۈمنىڭ بالا تەربىيىسى جەھەتتىكى بىر قانچە تەكلىپىنى قېرىنداشلارغا سۇنىمەن:

(1) ھازىر ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆز خەلقىگە بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان، ئۆزىنىڭ كىچىك بالىسى بار، ھەمدە تور بېتى ياساشقا قىزىقىدىغان قېرىنداشلار خېلى كۆپ بار. بولسا شۇنداق قېرىنداشلار مەن مەزكۇر ماقالىدا تونۇشتۇرغان «دەسلەپكى مەزگىللەر» دېگەن تور بېتىگە ئوخشاش بىر مەخسۇس بالا تەربىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تور بېتىدىن بىرنى ياسىغان بولسا. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بالا تەربىيىسىگە ئائىت ھەممە ماقالىلەرنى توپلاپ، بالىلار ئۈچۈن تەييارلانغان كىتابلارنى ۋە يېڭى تېخنىكىلار ئاساسىدا ياسالغان، بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا ياردىمى بار ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى تونۇشتۇرغان بولسا. ئاشۇنداق بۇيۇملارنى سېتىش، ۋە غەربنىڭ بالىلارغا ئائىت ياخشى كىتاب ۋە باشقا بۇيۇملىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى قىلىشنىمۇ ئويلىشىپ باققان بولسا. ئەگەر ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان شىركەت ۋە تور بەتلىرى قۇرۇلۇپ بولغان بولسا، ئەگەر مۇۋاپىق بولسا، ئۇلارغا ئائىت ئۇچۇرلارنى مۇشۇ يازمىنىڭ

ئاستىغا ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويغان بولساڭلار.

(2) كىچىك بالىسى بار ئاتا-ئانىلار يۇقىرىقىدەك تور بەتنىڭ بىرسىگە يىغىلىپ، ئۆز-ئارا ئۇچۇر ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەشتە ئۆز-ئارا ياردەملەشسە.

(3) چەت ئەلدە «بالا تەرەققىياتى» ۋە مائارىپ كەسپىدە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغىچە ئوقۇغان، ۋە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن مەلۇم ساندىكى كىشىلەر بار. مېنىڭ سىلەردىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم، بىلىمىڭلارنى ئۇيغۇر دىياردىكى قېرىنداشلارغا تونۇشتۇرۇپ قويغان، ئۇلارغا بىلىمنىڭ زاكىتىنى بەرگەن بولساڭلار. ھازىر بالا تەربىيىسى جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىشىغا تېگىشلىك ئىشلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇيغۇر دىياردا بۇ جەھەتتىكى بىلىملەر ئىنتايىن قىس. مەن ئۇيغۇر دىياردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرەرسىدە «بالا تەرەققىياتى» دېگەن كەسىپ بارمۇ-يوق، ئۇنى بىلمەيمەن. مەن بۇرۇن يۇرتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنداق كەسىپنى ئاڭلاپ باقمىغان. چەت ئەلدە ئادەتتىكى بىر ئىشتەك تۇيۇلغان نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇيغۇر دىياردىكى قېرىنداشلار ئۇچۇن قىممەتلىك بىلىم ۋە ئۇچۇرلار بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا مەن چەت ئەلدە ياشاۋاتقان بىلىملىك قېرىنداشلارنىڭ ئۆز بىلىملىرىنى خەلقىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Early Moments – Our Story
https://www.earlymoments.com/Our-Story/

[2] Baby Einstein Playful Discoveries Book List
https://www.earlymoments.com/baby-einstein/List-of-Baby-Einstein-Books/

[3] 10 Reasons Why You Should Read to Your Kids
https://www.earlymoments.com/Promoting-Literacy-and-a-Love-of-Reading/Why-Readin
g-to-Children-is-Important/

رەسىملەر: مەن ھازىر تورنى ئىزدەپ، ئۇيغۇر بالىلىرى كىتاب ئوقۇۋاتقان رەسىمدىن بىرەرنىمۇ تاپالمىدىم. ئەمما غەربلىك بالىلار كىتاب ئوقۇۋاتقان رەسىملەرگە كۆمۈلۈپ كەتتىم. تۆۋەندىكىسى ئاشۇنداق رەسىملەرنىڭ بىر قانچە مىساللىرى.









# بىر ـ ئىككى ياشلىق بالىلار تەربىيىسى

2014 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى قېتىمقى «كىچىك بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ 10 چوڭ پايدىسى» دېگەن ماقالىسىدە 45 يىللىق تارىخقا ئىگە، بالىلار تەربىيىسى مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىل تاپقان «دەسلەپكى مەزگىللەر» گۇرۇپپىسىنىڭ تور بېتىدىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى تونۇشتۇردۇم. يەنى ئۇنىڭدا مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ 10 چوڭ پايدىسىنى چۈشەندۈردۈم. ئاشۇ تور بەتتە يەنە ئوخشىمىغان ياشتىكى بالىلارنىڭ تەربىيىسى ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچۇرلار بار بولۇپ، مەن مەزكۇر ماقالىدىن باشلاپ شۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرىمەن. مەزكۇر ماقالىنى مەن ھازىرغىچە تەييارلىغان، قورساقتىكى بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىسى، مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىسى، ۋە بۆشۈكنىڭ پايدا ـ زىيىنى تېمىسىدىكى ماقالىلەرنىڭ داۋامى، دەپ چۈشەنسىڭىز بولىدۇ.

بۇ ماقالىدا تونۇشتۇرۇلىدىغىنى بىر ـ ئىككى ياشلىق بالىلار تەربىيىسى ھەققىدىكى تەۋسىيىلەردىن ئىبارەت [1].

## 1. بىر ـ ئىككى ياشلىق بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىلىرى

بالىڭىز يېڭىدىن ماڭغاندا نۇرغۇنلىغان «تۇنجى قېتىم» لارغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى تۇنجى قەدەمنى ئېلىش بىلەن تۇنجى سۆزنى دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. بالىڭىزنىڭ ئالدىنقى نەچچە ئاي جەريانىدا سۆزلەپ يۈرگەن قالايمىقان سۆز بوغۇملىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق سەممىمىي سۆزىگە تەرەققىي قىلىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، يېڭى ئايىغى چىققان بالا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 دانە يېڭى سۆزنى ئۆگىنىدۇ. بالا بىر يېرىم ياشلارغا كىرگەندە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ بىر سۆز ئىبارىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئوخشىمىغان بالىنىڭ يېتىلىش سۈرئىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

يېڭى ماڭغان بالىڭىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ شىددەتلىك ھالدا ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بالىڭىزنىڭ ھەر خىل قىياپەتلەرگە كىرىۋېلىشى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەرىكىتىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر بالىڭىز بىر كىتابنى ۋاراقلاپ، ئۇنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇغان قىلىقنى قىلىۋاتقان بولسا، بۇ ئۇنىڭ كىچىك يېشىدىلا ساۋات چىقىرىش تەرەپكە قاراپ ئىجابىي قەدەملەرنى ئېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر ياشلىق بالىلار ئۆزىنىڭ كىچىك دۇنياسىدا بىر

مۇستەقىل ياشاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا ئامراق كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار پايپاق بىلەن ئاياغلىرىنى ئۆزلىرى كىيىپ، ئۆزلىرى سېلىۋېتىدۇ. ئائىلە جابدۇقلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى چىقىپ، ئۆزلىرى چۈشىدۇ. ھەر خىل نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ئېچىپ، ئۆزلىرى ياپىدۇ. بۇ يېشىدىن باشلىغان ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا قىلىش جەريانى كىتاب ئوقۇشقىچە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭلاشقا سىز يېشى ئايغىچە بولغان بالىلىرىمىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، ئەگەر ئۇ كىتابنى ئۆزى تۇتماقچى بولسا، ياكى كىتابنىڭ يېشى ۋارىقىنى ئۆزى ئاچماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ھەيران قالماڭ.

## 2. بىر ـ ئىككى ياشلىق بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە تەۋسىيىلەر

(1) كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق مۇستەقىل ئىش قىلىدىغان قىلىش

بالىڭىز بىر ياشقا كىرىپ، ئايغى يېشىدىن چىققان مەزگىلدە، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلىش ۋە ئۆز پىكرىنى ئىپادىلەشكە ئامراق كېلىدۇ. ئاشۇنداق مەزگىلدە ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ بەرسىڭىز، بالىڭىز يېشىدىن باشلىغان مۇستەقىللىقلىرىنى جەزملەشتۈرەلەيدۇ. ئوقۇيدىغان كىتاب بىلەن كىتاب ئوقۇيدىغان ئورۇننى بالىڭىزنىڭ ئۆزى تاللىسۇن. ئەگەر بالىڭىز كىتابنى ئۆزى تۇتۇپ بەرمەكچى، ۋە يېشى بەتنى ئۆزى ئېچىپ بەرمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا ھەرگىز ھەيران قالماڭ.

گەرچە بالىڭىز كىتابتىكى مەزمۇنلارغا ئەگىشىپ مېڭىپ، مۇناسىۋەتلىك جايلارنىڭ ھەممىسىدە كۆلۈمسىرەش، كۈلۈش ۋە سۆزلەپ كېتىش ئىشلىرىنى قىلىپ كەتمىسىمۇ، بالىڭىزنىڭ ئوقۇش ماتېرىيالى بىلەن مۇشۇنداق ئۇچرىشىشى بىر ساغلام ئۆگىنىش جەريانى بولۇپ، ئۇ بالىڭىزنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا قاراپ ئالغان دەسلەپكى قەدەملەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق بالىنىڭ تۆۋەندىكى بىر بالداقتىن يۇقىرىدىكى بىر بالداققا چىقىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش

كىچىك بالىلار بىر ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى كىمنىڭ كۆتۈرۈۋاتقىنىغا بەك پەرۋا قىلمايدۇ. ئەمما بالا يېشىغا توشۇپ، يېشىدىن مېڭىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئاپا ـ دادىسى يېنىدا بولمىسا قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا بالىڭىزغا دادىسى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا سالام قىلىدىغان، ئاپىسى ئىشقا ماڭغاندا ئۇنىڭغا «خەير ـ خوش» دەپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويىدىغان مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئوقۇپ بەرسىڭىز، بالىڭىز دادىسى ۋە ئاپىسىدىن مۇشۇنداق ۋاقىتلىق ئايرىلىشنىڭ بىر نورمال ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ.

(3) ھەربىكەتتىكى بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش: بىرىنچى قەدەم، بىرىنچى كىتاب

ئايغى ئەمدىلا چىققان بالىلار بىر جايدا يىغىلىپ كەتمەي ئاران تۇرالايدىغان، ئۆي جابدۇقلىرىنى تۇتۇپ ماڭىدىغان، ھەمدە بىر نەرسىنى تۇتماي بىر قانچە قەدەمنى ئاران ئالىدىغان ھالەتتە بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا بالىلار ھەرگىز بىر جايدا جىم تۇرغىلى ئۇنىمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بالىڭىز باسقان ھەر بىر قەدەم تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ماھارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بالىڭىز ئويغاق تۇرغان ھەر بىر پەيت بالىڭىزغا يېڭىلىقلارنى ئۆگىتىدىغان پۇرسەت بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. چوڭلار ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش ئولتۇرۇپ تۇرۇپ قىلىدىغان ئىش، ئەمما بالىلار ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس. يېڭى ئايىغى چىققان بالىڭىز كىتابنى ئۆرە تۇرۇپ ياكى مېڭىپ يۈرۈپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن بولۇپ، سىز بۇنىڭغا يول قويۇڭ. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم ئىش بالىڭىزنىڭ كىتاب بىلەن ھەپىلىشىشىدىن ئىبارەتتۇر.

(4) بېرىپ ئېلىش: كىتابنى بىللە ئويناپ تۇرۇپ ئوقۇش

بىللە ئويناش يېڭى ئايىغى چىققان بالىنى بېقىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش بولۇپ، بىللە ئويناپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇش تېخىمۇ شۇنداق. كىتابتىكى سۆزنى بىر باشتىن ئوقۇپ بېرىشنىڭ ئورنىغا، بالىڭىزنى كىتابتىكى مەزمۇنغا مەلۇم بىر ئىنكاس قايتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. كىتاب ئوقۇشنى پات ـ پات توختىتىپ، بالىڭىزدىن «نېمىشقا ماۋۇ ئىش بۇنداق بولغاندۇ؟» دەپ سوراپ تۇرۇڭ، ھەمدە بالىڭىز ياخشى كۆرىدىغان قىسىمنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ بېرىڭ. گەرچە بالىڭىز سىزگە سۆز بىلەن ئىنكاس قايتۇرالمىسىمۇ، ئۇ كۈلۈمسىرەش، كۈلۈش، كۆز ئىشارىتى قىلىش، ۋە ئادەتتىكى سۆز بوغۇملىرىنى ئىشلىتىپ سۆزلەش ئارقىلىق سىز ئوقۇپ بەرگەن كىتابقا ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بېرىپ ـ ئېلىش ئۇسۇلى كىتاب ئوقۇشنى سىز بالىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ھەرىكەت ئەمەس، سىز بىلەن بالىڭىز بىللە ئېلىپ بارغان ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

(5) ئۆزىنىڭ كىتابى: بىر نەرسىگە ئىگە بولۇشنى ئۆگىنىش

يېڭى ئايىغى چىققان بالىلار ئۆزلىرىنىڭ بوشلۇقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. بىر ياشلىق بالىڭىز ئۈچۈن بىر كىچىك كۇتۇپخانا ياساپ بېرىش بالىڭىزنىڭ ساۋاتىنى ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا چىقىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. بالىڭىزغا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشى بىلەن بىر توپ كىتاب ھازىرلاپ بېرىش ئارقىلىق سىز ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇشنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر مۇھىم ۋە ھوزۇرلىنارلىق قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويالايسىز. بۇنداق قىلىش بالىڭىزغىمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىتابنى تاللاش ئەركىنلىكىنى ئاتا قىلىدۇ. يېڭى ئايىغى چىققان بالىڭىزغا بىر كىچىك كۇتۇپخانا قۇرۇپ بېرىش ئۇنچىۋالا تەس ئىش ئەمەس. ئەگەر بىرەر «كىتاب ئوقۇش كۇلۇبى» غا ئەزا بولۇپ كىرسىڭىز، ھازىر ئەڭ دەۋر سۈرۈۋاتقان كىتابلارنى بايقاش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايسىز. سىز تۇغقانلىرىڭىز ۋە دوستلىرىڭىزغا، بالىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ۋە بايرام كۈنلىرىدە سوۋغات ئۈچۈن بالىڭىزغا ئويۇنچۇق ئەمەس، كىتاب ئېلىپ بېرىشنى ئېيتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

«دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتىدىكى مەزمۇنلار مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 3. ئاخىرقى سۆز

مەزكۇر ماقالىدا تەۋسىيە قىلىنغان ئىشلار بەزى قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان، ۋە قىلىش خېلى تەس بولغان ئىشلار بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن ئاق تەنلىك ۋە يەھۇدىي تونۇشلىرىمنىڭ ئۆيىدە، شۇنداقلا بالىلار ئوينايدىغان مەيدانلاردا ئامېرىكىلىق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يېڭى ئايىغى چىققان بالىلىرىغا يۇقىرىدا تەۋسىيە قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى كۆپ قېتىم كۆردۈم. ئۇ ئاتا ـ ئانىلار كۆزلىرىنى ئۆز بالىلىرىدىن بىرەر مىنۇتمۇ ئايرىمايدۇ. بالىسىنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. بالىسى بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا ئۇنى

دەرھاللا تۈزىتىدۇ. بىرەر ئىشنى ياخشى قىلسا بالىسىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ماختايدۇ. ئۆز يېنىدىن ھەرگىزمۇ بالىلىرى ئۈچۈن ھازىرلانغان كىتابلارنى ئايرىمايدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بالىلىرى كىچىكىدىن باشلاپلا قايسى ئىشنى قىلسا بولىدۇ، قايسى ئىشنى قىلسا بولمايدۇ، دېگەننى ئىنتايىن ئېنىق بىلىپ چوڭ بولىدۇ. ھەمدە كىتاب بىلەن كۆپ ھەپىلەشكەن بولغاچقا، ساۋاتى تېز چىقىدۇ، شۇنداقلا ئالدىنقى ماقالىلەردە تىلغا ئېلىنغان ئېغىزاكى ۋە يازما ئالاقىلىشىش ئىقتىدارلىرىغا باي چوڭ بولىدۇ. بالىنى يۇقىرى سۈپەت بىلەن چوڭ قىلىش مانا ئاشۇنداق ئەجىرلەرنى تەلەپ قىلىدىكەن. ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىكى كۆپىنچە ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى مانا شۇنداق تەربىيىلەيدىكەن. شۇڭلاشقا مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشلارنىڭ مەزكۇر ماقالىدىكى مەزمۇنلارغا ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنى، بولسا ئۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ساپالىق يېڭى ئەۋلادلارنى مانا شۇنداق قىلىش ئارقىلىقلا تەربىيىلەپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

## قوشۇمچە: «دەسلەپكى مەزگىللەر» گۇرۇپپىسى

مەن تېخىچە ئاڭلاپ باقمىغان قېرىنداشلارغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئالدىنقى ماقالىدىكى «دەسلەپكى مەزگىللەر» گۇرۇپپىسى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشنى بۇ يەرگە ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم.

«دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتىنى قۇرغانلار يالغۇز مۇھەررىرلەر بىلەن نەشرىياتچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن [2]، ئۇلار كىچىك بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپنىڭ مائارىپ كەسپىنى پۈتتۈرگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بالىلار كىتابلىرى نەشرىياتى ساھەسىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن كەسىپ ئەھلىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئاساسىي نىشانى ئاتا-ئانىلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ۋە ناھايىتىمۇ ھۇزۇرلىنارلىق كىتاب ئوقۇش شارائىتى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەتتۇر.

«دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتىنىڭ باش شىركىتى 1965-يىلى بىر ياش ئاخباراتچى تەرىپىدىن نورۋېگىيەدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى باشلىشىغا ئۆزىنىڭ بىر يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىدىن ئەڭ ياخشى دەرىجىدە خەۋەر ئېلىش ئىستىكى تۈرتكە بولغان. ئۇ بىر گۇرۇپپا بالا تەربىيىسى (child development) مۇتەخەسسىسلىرىنى يىغىپ، ياش ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن «بوۋاق كىتابى» (The Baby Book) دەپ ئاتالغان بىر قوللانمىنى نەشر قىلىپ، ئۇنى دوختۇرخانىلار ئارقىلىق تۇنجى قېتىم پەرزەنتلىك بولغان ئاتا-ئانىلارغا تارقاتقان. ھازىر بۇ كىتابنىڭ 42-نەشرى بېسىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ 1965-يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن ياۋروپادا نەشر قىلىنىپ كەلگەن. 45 يىلدىن ئۇزۇنراق ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر بالىلار، ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە نۇرغۇن بىلىم ۋە تەجرىبە-ساۋاقلارنى توپلىغان.

45 يىلدىن بۇيان «دەسلەپكى مەزگىللەر» گۇرۇپپىسى ئامېرىكىدىكى ئەڭ داڭلىق ماركىلاردىن «دوكتور سيۇس» (Dr. Seuss)، «دىسنېي» (Disney) ۋە «بوۋاق ئېينىشتېين» (Baby Einstein) قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ كەلگەن.

«دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاتا-ئانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىز بالىلىرىمىزغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىمىز. بىز ئۇلارنى ئۇلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ باغرىمىزغا بېسىپ، ئۇلارغا بىر خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىمىز. ئۇلار ئويناش مەيدانىدا كۆرسەتكەن سېركچىلىك ئويۇنلىرىغا چاۋاك چېلىپ، بىز ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىمىز. ئۇلار بىلەن بىر دولقۇنلۇق كۆلدە سۇ ئۈزۈپ، بىز ئۇلارنىڭ يېڭىلىقلارغا بولغان ھەۋىسىنى قوزغايمىز. ئەمما، شۇنداق بىر سوۋغات باركى، ئۇ بالىلىرىمىزغا يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى ئاتا قىلالايدۇ. ئۇ بولسىمۇ بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش سوۋغىتىدىن ئىبارەت. ھەر كۈنى بالىڭىز بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇش، بالىڭىزغا ئۇنىڭ يېشىغا ماس كېلىدىغان ۋە ئۇنى جەلپ قىلىدىغان كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىش، ھەمدە ئۆزىڭىز بىر كىتاب ئوقۇش ئۈلگىسى بولۇپ بېرىش ئارقىلىق، سىز بالىڭىز كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقىرالايسىز. بالىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۆگىنىدىغان، ئۆگىنىشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلىيەلەيسىز. «دەسلەپكى مەزگىللەر» تور بېتى سىزنى بالىڭىزنىڭ ساۋاتىنى كىچىك ۋاقتىدىلا چىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز سىزنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىزنىڭ سىزگە ۋە ئۆمۈر-بويى كىتاب ئوقۇغۇچى بولۇش ئالدىدا تۇرغان بالىڭىزغا قانداق ياردەمدە بولالايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.»

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Literacy Skills: Ages 1-2
https://www.earlymoments.com/Promoting-Literacy-and-a-Love-of-Reading/1-2-years-old-Child-Development-Tips/

[2] Early Moments – Our Story
https://www.earlymoments.com/Our-Story/

رەسىملەر: يېڭى ئايغى چىققان بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش










© GETTY IMAGES / MAHAUX PHOTOGRAPHY

# ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق بالىلار تەربىيىسى

2014 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى ئىككى پارچە ماقالىسىدە 45 يىللىق تارىخقا ئىگە، بالىلار تەربىيىسى مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىل تاپقان «دەسلەپكى مەزگىللەر» [1] گۇرۇپپىسىنىڭ تور بېتىدىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى تونۇشتۇردۇم. مەزكۇر ماقالە ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىلەرنىڭ داۋامى بولۇپ، مەن بۇ قېتىم ئىككى ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بالىلار تەربىيىسى ھەققىدىكى تەۋسىيىلەرنى تونۇشتۇرىمەن.

## 1. ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىلىرى

ئىككى ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بالىلار ئەستە قالدۇرغان سۆزلۈكلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ ماڭىدۇ. گەرچە بالىڭىز ئۆز ـ ئارا سۆزلەشكەندە ئۇ سۆزلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىشلىتىپ كەتمىسىمۇ، ئۇ 3 ياشقا توشقان ۋاقىتتا 400 گىچە بولغان سۆزلۈكنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ. بۇ ياشتىكى بالىلارنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىدا ناھايىتى زور پەرقلەر بار بولىدۇ. يەنى نۇرغۇن بالىلار بىر قېتىمدا چوڭلارغا بىر ـ ئىككى تال سۆز بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان بولسىمۇ، بەزى بالىلار قىسقا جۈملىلەرنى قۇراشتۇرۇشقا، ھەمدە بىرلىك ۋە كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى، بۇرۇن، ھازىر ۋە كەلگۈسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى، ۋە ئالماشلارنى توغرا ئىشلىتىشكە باشلايدۇ.

بۇ مەزگىلدە بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ تىل قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە مۇھىم ئورۇنغا ئۆتىدۇ. بالىنىڭ تەپەككۇر قىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بالا ھېكايىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىغا تېخىمۇ قىزىقىدىغان ۋە كىرىشىپ كېتىدىغان بولىدۇ، ھەمدە كىتابتىكى رەسىملەرنى چۈشىنىدىغان، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قاپىيىداش سۆز ۋە سۆز ـ ئىبارىلەرنى يادلىۋالىدىغان بولىدۇ. بالىڭىز 3 ياشقا توشقان ۋاقىتتا، ئۇ دائىم ئېلىپ بارىدىغان يېڭىلىقلارنى بايقاش جەريانىدىن ۋاقىتلىق ئارام ئېلىپ، سىز بىلەن بىللە بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كىتاب ئوقۇيدىغان بولىدۇ. ھەمدە بالىڭىزغا بۇنداق كىتاب ئوقۇش ئىشى بىر خىل ھۇزۇرلىنارلىق ئىش بولۇپ تۇيۇلۇپ، بۇ ئىش سىز بىلەن بالىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ.

## 2. ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە تەۋسىيىلەر

بالىلار تەربىيىسى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دېيىشىچە، بالىلارنىڭ ئېلىپبە ھەرپلىرى

ھەققىدىكى بىلىملىرى ئۆلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىدارلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىنىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككى ياشلىق بالىڭىزنى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەرپلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش، بالىڭىزنىڭ ساۋاتىنى كىچىك ۋاقتىدىلا چىقىرىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىلىمېنتتىن ئىبارەتتۇر.

(1) ئاكتىپلىق بىلەن ئاڭلاش

بالىڭىز رەسىم ۋە ھەرپلەرگە خېلىلا قىزىقىدىغان بولغاندا، سىز بالىڭىزنى بۇ ئىشلاردىن توسماي، ئۇنىڭ بىر ھېكايە ئېيتقۇچى بولۇشىغا يول قويۇڭ. شۇنداقلا سىز بالىڭىزنىڭ بىر ئاكتىپ ئاڭلىغۇچىسى بولۇپ بېرىڭ. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاش بىلەن بىللە توختىماي ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ، قىزىقارلىق جايلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كىتابتىكى ۋەقەلىكلەرگە ھەر خىل قىلىقلار بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇڭ. بالىڭىزنىڭ ھېكايە ئېيتقۇچى ۋە سىزنىڭ ھېكايە ئاڭلىغۇچى بولۇشىڭىز، ھەمدە بالىڭىزنى داۋاملىق رىغبەتلەندۇرۇپ تۇرۇشىڭىز بىلەن، بالىڭىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تەدرىجىي كۈچىيىپ، ئاخىرىدا ئۇ سىز دېمىسىڭىزمۇ ئۆزلۈكىدىن كىتاب ئوقۇشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلار قاتارىدا قىلىدىغان بولىدۇ.

(2) ئەمەلىي ئىشلارنى چۈشەندۈرىدىغان رەسىملىك كىتابلار

ئىككى ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بالىڭىز ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلىش ئىقتىدارلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. قولىنى ئۆزى يۇيۇش، مۇنچا سۇيىنى ئۆزى ئېچىش، چىچىنى ئۆزى تاراش، كىيىمىنى ئۆزى تاللاش ۋە ئۆزى كىيىش قاتارلىق كىشىلەر ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشلارغا ئىنتايىن قىزىقىشقا باشلايدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە بالىڭىزغا ئاشۇنداق ئىشلارنى ئۆگىتىدىغان رەسىملىك كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىش قىلىش قابىلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىڭ.

(3) بىر كىتابنى تەكرارلاپ ئوقۇش

ئىككى ياشلىق بالا ئوخشاش بىر ئىشنى قايتىلاپ قىلىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر بالىڭىز ئوخشاش ئىككى-ئۈچ كىتابنى قايتا-قايتا ئوقۇشتا چىڭ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ھەيران قالماڭ. بالىڭىزنى باشقا كىتابلارنى ئوقۇشقا زورلىماي، ئۇنىڭ قىزغىنلىقىغا يول قويۇڭ. گەرچە سىز ئوخشاش كىتابنى قايتا-قايتا ئوقۇشتىن زېرىكىپ قالىدىغان بولسىڭىزمۇ، بالىڭىز ئۈچۈن ئىش ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ. گەرچە بالىڭىز بىر ھېكايىنى بۇرۇن 20 قېتىم ئاڭلاپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنى ھەر قېتىم قايتىلاپ ئوقۇغىنىدا ئۇنىڭدا يەنە يېڭى ۋە ھاياجانلىنارلىق نەرسىلەرنى بايقايدۇ. ھەمدە بالىڭىز ئۆزىنى ئۆتمەي ھېكايىدىكى قاپىيىلىك سۆزلەر ۋە سۆز-ئىبارىلەرنى ئەستە قالدۇرۇپ، كىتابنى سىز بىلەن بىللە ئوقۇشقا باشلايدۇ. بۇ يېڭىدىن باشلانغان ساۋات چىقىرىش ھەمدە ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىش جەريانىدۇر.

(4) پاسسىپ ئاڭلىغۇچى

بەزىدە سىزنىڭ ئىككى ياشلىق بالىڭىز سىز ئوقۇپ بېرىۋاتقان كىتابقا قۇلاق سالمايۋاتقاندەك

تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ كىتابتىكى مەزمۇننى سىز ئويلىغاندىن جىق ياخشى قوبۇل قىلىۋاتقان بولىدۇ. نۇرغۇن باللار ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان كىتابنى باشقا بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇپ ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىكى مەزمۇننى ياخشىراق قوبۇل قىلالايدۇ. ئەگەر بالىڭىز بىر قېتىملىق كىتاب ئوقۇش ۋاقتىدا كىتابقا زېھنىنى يىغالمىسا، ئۇنىڭغا بىر بوياق بىلەن بىر پارچە قەغەز بېرىپ، سىز كىتاب ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭغا رەسىم بويىتىڭ. شۇ چاغدا سىز ئۇنىڭ كىتابقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، كىتابتىكى مەزمۇنلار ھەققىدە سوئال سوراۋاتقانلىقىنى بايقايسىز.

## 3. ساۋات چىقىرىشنى تېزلىتىش

ئىككى-ئۈچ ياشلىق بالا بىر بوۋاق ئەمەس، ئۇ ھەر بىر كۈنىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىدىيىگە، ھېسسىياتقا ۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولغان بىر مۇستەقىل ۋە ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنگەن كىشى بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. سىزنىڭ قانداق كىتابلارنى تاللىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش بالىڭىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلدۇر.

ئىككى ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان بالىغا كىتاب تاللاشتا، تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىڭ:

(1) جۈپلەش ۋە تۈرگە ئايرىش: بالىڭىز ئاساسىي شەكىللەر ۋە رەڭلەر بىلەن تونۇشۇپ بولغان بولسا، ئۇ ئەمدى ئاشۇ قابىلىيەتلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئوخشىمىغان شەكىللەرنى جۈپلەشتۈرۈش، تۈرگە ئايرىش ۋە قارىمۇ-قارشىسىنى تېپىش ئىشلىرىدىن ناھايىتى ھۇزۇرلىنىدۇ.

(2) تېپىشماق كىتابلىرى: تېپىشماق تېپىش ئىقتىدارى ئەڭ كۆچلۈك بولغان قۇراللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ باللاردا قول-كۆز ھەمكارلىقىنى ئاشۇرۇش، شەكىل ۋە رەڭلەرنى تونۇش، ۋە كۆچلۈك دەرىجىدىكى مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن ئۇنۇملۈك رول ئوينايدىغانلىقى بايقالغان.

(3) ھەرپ بىلەن سانلار: سىز ئالدىنقى يىلى باشلىغان ھەرپ ۋە سان ھەققىدىكى دەرسلەر ئىككى ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى باللار ئۆچۈنمۇ داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بالا ئۈچ ياشقا يېقىنلاشقاندا، ئۇ ھەرپلەر بىلەن تېخىمۇ ياخشى تونۇشۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدىمۇ ئىشلىتىدىغان بولىدۇ. ئۇ ئېلىپبە ھەرپلىرىنى باشتىن ئاخىرغىچە دەپ بېرەلىشى، ھەمدە بىردىن 10 غىچە ساناپ بېرەلىشىمۇ مۇمكىن.

(4) بەدەننىڭ تۈزۈلۈشى: سىزنىڭ ئىككى ياشلىق بالىڭىز ئۆزىنىڭ بەدىنىگە نىسبەتەن ئىنتايىن كۆچلۈك قىزىقىشىنى نامايان قىلىشى، ئۆزىنىڭ بۇرنى، قۇلىقى، كۆزى ۋە ئېغىزىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن ئىنتايىن خۇشال بولۇشى مۇمكىن. بالىڭىزنىڭ مۇشۇنداق بىلىملىرىنى كۈچەيتىدىغان ۋە كېڭەيتىدىغان كىتابلارنى تاللاڭ. باللار كىتابى يازغۇچىسى ئەل پېركىنز ( Al Perkins) يازغان بىر قىسىم ئاشۇنداق كىتابلار بار.

(5) تەڭ پايدىلىنىش: ئىككى-ئۈچ ياشلىق باللار ئۆچۈن قىيىن ئۆتكەللەرنىڭ بىرى باشقا باللار بىلەن ياخشى ئويناش ۋە نەرسىلەردىن تەڭ پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. بالىغا مۇشۇنداق چۈشەنچىلەرنى مەزمۇن قىلغان كىتابلارنى ئوقۇپ بەرسىڭىز، بالىڭىز باشقا باللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقاندا قائىدە-يوسۇنلۇق بولىدىغان بولىدۇ.

(6) ئوبۇرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش: گەرچە ئوخشىمىغان بالىلارنىڭ يېتىلىش سۈرئىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، كۆپ ساندىكى بالىلار ئىككى ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئوبۇرنىنى ئىشلىتىش ئۇقۇمىنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بالىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوبۇرنىنى ئىشلىتىشنى بالىلار ئۆزلىرىنىڭ سۈرئىتى بويىچە ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەمما بالىڭىزنى ئوبۇرنىنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى كىتابلار بىلەن ئۇچراشتۇرسىڭىز، بالىڭىز بۇنداق بىر يېڭىلىقتىن گاڭگىراپ قالمايدىغان بولىدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Literacy Skills: Ages 2-3
https://www.earlymoments.com/Promoting-Literacy-and-a-Love-of-Reading/2-3-years-old-Child-Development-Tips/










# ئۈچ-تۆت ياشلىق بالىلار تەربىيىسى

2014-يىلى 7-ئاينىڭ 25-كۈنى

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى 3 پارچە ماقالىسىدە 45 يىللىق تارىخقا ئىگە، بالىلار تەربىيىسى مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىل تاپقان «دەسلەپكى مەزگىللەر» [1] گورۇپپىسىنىڭ تور بېتىدىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى تونۇشتۇردۇم. مەزكۇر ماقالە ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىلەرنىڭ داۋامى بولۇپ، مەن بۇ قېتىم 3 ياشتىن 4 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بالىلار تەربىيىسى ھەققىدىكى تەۋسىيەلەرنى تونۇشتۇرىمەن [2].

## 1. كىرىش سۆز

سىز بالىڭىزنىڭ 3 ياشقا توشقاندىكى تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ «يېڭىدىن ماڭغان بالىلىق دەۋرى» دىن تولۇق ئايرىلىپ، ھەم ھاياجانلىنارلىق، ھەم قىيىن ئۆتكەللەر بىلەن لىق تولغان «مەكتەپ ئالدىدىكى بالىلىق دەۋرى» گە رەسمىي قەدەم قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالىڭىز ئۆز ئالدىغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بىر ئۇزۇن جەرياننى باشلايدىغان بولۇپ، سىز بالىڭىزدا بۇرۇن يېتىلدۈرگەن كىتاب ئوقۇش قابىلىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈشكە باشلايسىز. كۆپلىگەن ئانا ۋە دادىلار ئۈچۈن بۇ بىر بالىغا ئاتا-ئانا بولۇشتىكى ئەڭ خۇشاللىق ۋە ئەڭ ئەرزىيدىغان بىر دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بالىڭىز كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشقا قانچىلىك ماس كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىش دەرىجىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بالىڭىزنى ھەر بىر كۈن ئىچىدىكى كىتاب ئوقۇشنىڭ ھەممە پۇرسەتلىرىنى تېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. يېمەكلىكلەر قېپى، ئېلان تاختىسى، كوچا بەلگىلىرى ۋە يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىكى بالىڭىز بىلىدىغان سۆزلەر ۋە سۆز ئىبارىلەرنى بالىڭىزغا كۆرسىتىپ تۇرۇڭ.

ئەگەر بالىڭىزنى يەسلىگە بەرگەن بولسىڭىز، يەسلىدىكى مۇئەللىملەر بالىڭىزنى ھەر كۈنى مەلۇم دەرىجىدە كىتاب ئوقۇتۇشى مۇمكىن. بۇ ھەرگىزمۇ بالىڭىزنىڭ ئۆيدە ساۋاتىنى چىقىرىش مەشىقلىرىنى توختىتىپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتىمۇ بالىڭىزغا ئالدىنقى يىللاردا بالىڭىز ئۆزى بايقىغان، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بالىڭىزغا يېڭى كىتابلارنى تەييارلاپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ سۆز-ئىبارىلەر بىلىملىرى ۋە تەنقىدىي تەپەككۇر قىلىش قابىلىيەتلىرىنى كېڭەيتىشكە رىغبەتلەندۈرۈڭ.

## 2. ئۈچ ـ تۆت ياشلىق بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە بىر قانچە تەۋسىيەلەر

(1) ھەرپ چۈشەنچىسى

سىزنىڭ 3 ياشلىق بالىڭىزنىڭ ھەرپلەرنى قوشۇپ، سۆز ھاسىل قىلىش جەريانىغا بولغان قىزىقىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ ماڭىدۇ. سىز بالىڭىز كىتاب ئوقۇمايۋاتقان ۋاقىتلاردىمۇ بالىڭىزنىڭ ھەرپلەرنى قوشۇپ، سۆز ھاسىل قىلىش چۈشەنچىسىنى كۈچەيتىشىگە ياردەم قىلالايسىز. ئەگەر بالىڭىز بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئىت، مۈشۈك، ۋە دوپپا دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر چىقىپ قالسا، بالىڭىزغا ئۇ سۆزنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى دەپ بېرىڭ، ياكى بىر قەغەزنىڭ ئۈستىگە يېزىپ بېرىڭ. مۇشۇ ئارقىلىق بالىڭىز يېزىلغان سۆزلەرنىڭ ئېغىزدىكى سۆزلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلەيدۇ. بۇ ساۋات چىقىرىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بىر مۇھىم دەرستۇر.

ئىلاۋە: مەن بىر قېتىم بىر يەھۇدىي تونۇشۇمنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ بىر 3 ياشلىق ئوغلى دادىسىغا «دادا، مەن ئالما يەيمەن»، دېدى. دادىسى بولسا ئۇنىڭغا «ئالدى بىلەن ماڭا ئالما دېگەن سۆزنىڭ ھەرپلىرىنى دەپ بەرگىن. ئاندىن مەن ساڭا ئالمىنى بېرىمەن»، دەپ جاۋاب بەردى.

(2) تېكىست بىلەن رەسىم ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش

سىزنىڭ بالىڭىز 3 ياش ۋاقتىدا ئۆگىنىدىغان ئەڭ مۇھىم كىتاب ئوقۇش ئۇقۇملىرىنىڭ بىرى، بىر ئادەم كىتاب ئوقۇغاندا، ئوقۇيدىغىنى كىتابقا بېسىلغان سۆزلەر بولۇپ، رەسىم ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت. شۇڭا سىز بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بەرگەندە، بالىڭىزغا بارمىقىڭىز بىلەن ئوقۇۋاتقان جاينى كۆرسىتىپ مېڭىپ، ئۇنىڭغا كىتابنى ئوڭدىن سولغا ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مېڭىڭ. ئەگەر سىز ھەر بىر سۆز ۋە سۆزلەرنى ئايرىپ تۇرغان بوشلۇقنىمۇ كۆرسىتىپ ماڭسىڭىز تېخىمۇ ياخشى. ئېستمەن (P. D. Eastman) يازغان «مېنى ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئەكىرىپ قوي» (Put Me in the Zoo) دېگەن كىتاب 3 ياشلىق بالىلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ سۆزلەرنى تونۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىگە زور دەرىجىدە ياردەم قىلىدۇ. بالىڭىزغا بىر سۆزنى دەپ، ئۇنىڭغا ئاشۇ سۆزنى تاپقۇزۇپ، ئىككىڭلار ئويۇن ئوينىساڭلار ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

(3) كېيىن نېمە ئىش بولىدۇ؟

ئۈچ ياشلىق بالىلار كىتابتا نېمە سۆزلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۆز چۈشەنچىسىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئامراق بولۇپ، بۇرۇنقى ئىشلارغا ئاساسەن كېيىن نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشنىمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. بالىڭىز بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقاندا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ توختاپ، بالىڭىزدىن ئەمدى نېمە ۋەقەلىك چىقىدىغانلىقىنى سوراپ بېرىڭ.

(4) بوشلۇقنى تولدۇرۇش

سىزنىڭ 3 ياشلىق بالىڭىز ھەر خىل شەكىللەردىن بىر مۇنار ياساش ياكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىتابنى ئوقۇشقا ئوخشاش ھەر خىل ئىشلارغا قاتنىشىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. سىز

بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، سىز ئارىلاپ ـ ئارىلاپ توختاپ، بالىڭىزدىن مەلۇم بىر سۆزدىن كېيىن نېمە سۆز چىقىدىغانلىقىنى سوراپ بېرىڭ. بالىڭىز پىششىق بىلىدىغان كىتابلارنى ئوقۇغاندا، كىتابنى ئوقۇپ مەلۇم بىر يەرگە كەلگەندە، بالىڭىزدىن ھېكايىنىڭ قالغان قىسمىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ.

(5) سىزمۇ رول ئېلىڭ

ئۈچ ياشلىق بالىلار ئەڭ كۆپ قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى رول ئېلىش ۋە مەلۇم بىر قىياپەتكە كىرىۋېلىش. ھېكايە ئوقۇش ۋاقتىنى بىر ئويۇن قويىدىغان ۋاقىتقا ئايلاندۇرۇپ، ئاشۇنداق ماھارەتنى كىتاب ئوقۇشتا جارى قىلدۇرۇڭ. سىز بالىڭىز بىلەن كىتابتىكى روللارنى ئېلىپ، ئوخشىمىغان نەرسە ۋە ئوخشىمىغان ئۇسلۇبلارغا ۋەكىللىك قىلىڭ. مۇشۇنداق قىلىسىڭىز بالىڭىز كىتابتىكى ھېكايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، كىتابتىكى مەزمۇنلارغا ماسلىشىپ كۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بالىڭىزنىڭ ھەر خىل تەسەۋۋۇر ئىقتىدارلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە زور پايدىسى بار.

## 3. ئۈچ ـ تۆت ياشلىق بالىلارنىڭ ساۋات چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش

بالىڭىز يەسلىگە كىرگەندىن كېيىن، سىز بالىڭىزنىڭ يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىشتىكى بىردىن ـ بىر مەنبەسى بولمايسىز. ئەمما بۇ سىزنىڭ بالىڭىزغا يېڭىلىقلارنى ئۆگىتىشتىن توختىشىڭىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. سىزنىڭ 3 ياشلىق بالىڭىز مۇئەللىملىرىدىن ئۆگەنگەن دەرسلەرنى پىششىقلاشتا يەنىلا سىزگە قارايدۇ. بالىغا ئۆيدە دائىم كىتاب ئوقۇپ بېرىش بالىدا دەسلەپكى كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

بالىڭىزغا كىتاب تاللىغاندا، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىڭ:

(1) قىزىقچىلىق. ئۈچ ياشلىق بالىڭىز قىزىقچىلىقنى خېلى ئوبدان چۈشىنىدىغان بولۇپ، ئۇنى قىزىقارلىق ھېكايىلەر ناھايىتى قاتتىق جەلپ قىلىدۇ. دوكتور سيۇس (Dr. Seuss) نىڭ «ھاماقەتلىك چارشەنبە كۈنى» (Wacky Wednesday) ۋە ئۇنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا كىتابلىرى بالىڭىزنى ناھايىتى كۈلدۈرىدۇ.

(2) بۇرۇلۇش نۇقتىسى. ئۈچ ياشلىق بالىڭىز مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە نۇرغۇنلىغان بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. مەسىلەن، ئوبۇرنىغا ئۆزى كىرىش، كىيىمىنى ئۆزى كىيىش، ۋە يەسلىگە بېرىش قاتارلىقلار. بالىڭىزغا ئاشۇنداق ئىشلارغا ماس كېلىدىغان كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىڭ. بالىڭىز بۇنداق كىتابلارغا ناھايىتى قىزىقىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭدىن ئۆزى ئۈچۈنمۇ ياخشى ئۇسۇللارنى بايقايدۇ.

(3) رەڭدارلىق. يېڭىدىن ماڭغان بالىلار «ھەممە بالىلار ماڭا ئوخشايدۇ» دەپ قارايدىغان بولۇپ، يەسلىدىكى ئەھۋال ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمايدۇ. سىز بالىڭىزنى ئاشۇنداق يېڭى ئەھۋالغا ئوبدان ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بالىڭىز يەسلىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا بالىلارنىڭ ئوخشاشلىقى بىلەن پەرقىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ. بالىڭىزغا مىللىتى، سېمىز ـ ئورۇقلۇقى، بەدەن تۈرى، ۋە ياشاش شارائىتى ئوخشاش ئەمەس بالىلار ھەققىدىكى كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىڭ.

(4) ئەمەلىي نەرسە. ئۈچ ياشلىق بالىلار ئۇلارنىڭ ئۆز دۇنياسىغا ماس كېلىدىغان نەرسىلەر ھەققىدىكى كىتابلارغا ھەممىدىن بەكرەك قىزىقىدۇ. شۇڭا بالىڭىزغا ماشىنا، ئۆي، ئۆي سايمانلىرى ۋە باشقا ئۇلارغا تونۇشلۇق بولغان نەرسىلەرنى مەزمۇن قىلغان ھېكايە كىتابلىرىنى ھازىرلاپ بېرىڭ.

ئۈچ ياشلىق بالىڭىز ئۈچۈن بىر ئىنتايىن ياخشى كىچىك كۇتۇپخانا قۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، سىز «دوكتور سيۇس ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى» (Dr. Seuss and His Friends) دېگەنگە ئوخشاش بىرەر كىتاب كۆلۈبىغا قاتنىشىڭ. ئاشۇنداق كىتاب كۇلۇبلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇلار سىزگە بالىڭىزنىڭ يېشى بىلەن قىزىقىشىغا ماس كېلىدىغان كىتابلارنى تەۋسىيە قىلىپ بېرىدۇ، سىزگە ئەڭ كۆپ تارقالغان كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىدۇ، ھەمدە ئاشۇنداق كىتابلارنى ئۆيىڭىزگە ئەكېلىپ بېرىدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Early Moments – Our Story
https://www.earlymoments.com/Our-Story/

[2] 3-4 Year Old Child Development Tips
https://www.earlymoments.com/Promoting-Literacy-and-a-Love-of-Reading/3-4-years-old-Child-Development-Tips/











# تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلار تەربىيىسى

2014-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى 4 پارچە ماقالىسىدە 45 يىللىق تارىخقا ئىگە، بالىلار تەربىيىسى مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىل تاپقان «دەسلەپكى مەزگىللەر» [1] گۇرۇپپىسىنىڭ تور بېتىدىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى تونۇشتۇردۇم. مەزكۇر ماقالە ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىلەرنىڭ داۋامى بولۇپ، مەن بۇ قېتىم 4 ياشتىن 6 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بالىلار تەربىيىسى ھەققىدىكى تەۋسىيىلەرنى تونۇشتۇرىمەن [2].

## 1. كىرىش سۆز

بالا 5 ياشقا توشقاندا، كۆپىنچە بالىلار 13 مىڭ ئەتراپىدىكى سۆزلۈكنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ، ھەمدە 5-8 سۆزلۈكتىن تەركىب تاپقان جۈملىلەرنى تۈزەلەيدىغان بولىدۇ. 5-4 ياشلىق بالىلار يەسلىگە كىرگەندە، كىتاب ئوقۇش بالىنىڭ كۈنلۈك تۇرمۇشىنىڭ بىر ئاساسىي قىسمى بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا، بالا كىتابتىكى بىر سۆزنى تۇنجى قېتىم ئۆزى مۇستەقىل ئوقۇيالىشى، ۋە ھەرپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ سۆز تۈزۈش ھەمدە سۆزلەرنى بىرلەشتۈرۈپ جۈملە تۈزۈشتىن پەيدا بولغان بىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە ھاياجانلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. مۇشۇ مەزگىلدە بالىڭىز كىتاب ئوقۇشقا ئۆزى ئاكتىپ ھالدا كىرىشىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش قىياپىتىگە كىرىۋېلىشى بۇرۇنقى ياشتىكى ۋاقىتلىرىغا قارىغاندا ھەقىقىي كىتاب ئوقۇشقا كۆپ يېقىنلاشقان بولىدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدە سىز بەلگىلەپ بەرگەن كىتاب ئوقۇش ۋاقتىنىڭ سىرتىدا، بالىڭىز ئۆزىنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىنىڭ ئىچىگە كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىشنىمۇ قوشۇۋېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بالىڭىز ئۆزى بىلىدىغان ھەرپلەر بىلەن سۆزلەرنى قوشۇپ، ئۆزى ئايرىم بىر ھېكايە يازماقچى بولغان پىلانىنى ئېلان قىلىشى، ياكى بىرەر گېزىت ياكى ژۇرنالنى قولىغا ئېلىپ، بىر بالىلار چۆچەك ئوپېراسى تەييارلىشى مۇمكىن.

## 2. تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە بىر قانچە تەۋسىيىلەر

(1) باش ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشى

مۇشۇ ياش دائىرىسىدىكى بالىلار ئۈچۈن بىر ھالقىلىق ماھارەت ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى

ئۆگىنىۋېلىشتىن ئىبارەت. بالىڭىز بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقاندا، ئارىلاپ-ئارىلاپ بالىڭىزغا بىر سۆزنىڭ باش ھەرپىنى كۆرسىتىپ، بالىڭىزدىن يەنە باشقا قانداق سۆزلەرنىڭ مۇشۇ ھەرپ بىلەن باشلىنىدىغانلىقىنى سوراڭ. مەسىلەن، «ئا» ھەرپىنى كۆرسەتسىڭىز، بالىڭىز «ئاپا» دېگەن سۆزنى دەپ بېرىشى مۇمكىن. «د» ھەرپىنى كۆرسەتسىڭىز، «دادا» دېگەن سۆزنى دەپ بېرىشى مۇمكىن. ئائىلىدىكى كىشىلەر ۋە دوستلىرىنىڭ ئىسىملىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ھەرپلەرنى سورىغاندا بالا ئۇنداق ھەرپلەرنى ئۆزىگە باغلاپ، ئۇلارنى ئەستە ياخشىراق قالدۇرىدۇ. بۇ ئىشنى بىر قىزىقارلىق ئىش سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىڭ. ئەگەر بالىڭىز بۇ پائالىيەتتىن زېرىكىپ قالىدىكەن ياكى بۇ پائالىيەتكە قىزىقمايدىكەن، نورمال كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

(2) سۆز تونۇش

مۇشۇ مەزگىلدە بالىڭىز بىر قىسىم پۈتۈن سۆزلەرنى تونۇيدىغان بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ ئىسمى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئىسمى، ئاپا ۋە دادىسىنىڭ ئىسمى قاتارلىقلار. بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا بەزى يېڭى سۆزلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىمۇ ئەستە قالدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. ئۇزۇنراق سۆزلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇلارنى بىر قانچە كىچىك سۆز بوغۇملىرىغا بۆلۈپ بېرىڭ.

(3) كىچىك ۋاقتىدىكى يېزىقچىلىق

تۆت ياش ۋە بەش ياشلىق بالىلار يەسلىگە كىرگەن بالىلار ئېلىپبە ھەرپلىرىنى يېزىشقا باشلايدىغان بولۇپ، بۇ دەسلەپكى ساۋات چىقىرىشنىڭ بىر مۇھىم پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر 4-5 ياشلىق بالىڭىز ھەرپلەرنى ئۆزى يېزىشنى تېخىچە ئۆگىنىپ بولالمىغان بولسا، بالىڭىزغا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋە ئۆزى بىلىدىغان سۆزلەرنى يېزىشنى ئۆگىتىڭ. مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ بالىڭىز بىلەن خەت يېزىشنى بىللە مەشىق قىلىڭ. بالىڭىز سىزنىڭ ئۆزى بىلىدىغان سۆزلەر ۋە سۆز-ئىبارىلىرىنى يازغىنىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن، بالىڭىز ئۇلارنى ئۆزى دوراپ يېزىپ باقىدۇ.

(4) ئوخشاشلىق بىلەن پەرق

تۆت ياشلىق ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق بولغان بالىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنياغا قانداقراق ماسلىشىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ناھايىتى پۇختا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ. شۇنداقلا ئۇلار يەسلىدىكى ساۋاقداشلىرى ئارىسىدىكى پەرقلەرنىمۇ ياخشىراق چۈشىنىدىغان بولىدۇ. بالىڭىزغا ئوخشىمىغان ئېتنىك گورۇپپا، مىللەت، بەدەن تۈرلىرى ۋە ئائىلە ئەھۋاللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تەكىتلەيدىغان كىتابلارنى تەييارلاپ بېرىش ئارقىلىق بالىڭىزنىڭ ئاشۇنداق پەرقلەرنى قەدىرلەيدىغان بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيسىز.

(5) تېپىپ بېرىش

بالىڭىزنىڭ يېشى 5 كە يېقىنلاشقاندا، بالىڭىز سورايدىغان سوئاللارنىڭ قىيىنلىق ۋە قىزىقىش دەرىجىسى بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلىدۇ. كىتابتا چىققان نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدىكى ئاددىي سوئاللار بەزى ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نېمىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى تېخىمۇ مۇرەككەپ سوئاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز بەزى سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىلمىسىڭىز، قورقۇپ كەتمەي، سەل كېچىكتۈرۈپ بولسىمۇ ئۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئىنتېرنېتتىن ياكى كىتابلاردىن ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى بالىڭىزغا دەپ بېرىڭ.

## 3. تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ ساۋات چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش

كىتاب ئوقۇتۇش مەكتەپلەردىكى ئەڭ ھالقىلىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش قورالى بولسىمۇ، ئۇ ئۆي ئىچىدىمۇ بۇرۇنقىدەكلا چوڭ تۈتۇلۇشى كېرەك. كۆپلىگەن جەھەتلەردە، سىزنىڭ 5 ياشلىق بالىڭىز ئۆزى مۇستەقىل ئىش كۆرىدىغان، ۋە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بىر كىچىك ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىكى سىز بىلەن بولغاچ يېقىنلىق تۇيغۇسى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملىشىدۇ. ئۆي ئىچىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشنى تەشكىل قىلىدىغان جىددىي ۋە دىققەتنى چاچىدىغان ئىشلار ئىچىدىن بىر مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ، بالىڭىز بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇش، ئۆزىڭىزنى سەل توختىتىپ، بالىڭىز بىلەن بولغان باغلىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاسان ئۇسۇلى بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ياشتىكى بالىلار تۆۋەندىكى ئۇقۇملارنىڭ بىر قىسمىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ:

- - قەغەزگە بېسىلغان سۆزلەر ئېغىزدىكى سۆزلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.
- - كىتابنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى، ۋە ئاخىرى بار.
- - بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاھاڭى ئوخشاش، ئەمما يېزىلىشى ۋە مەنىسى ئوخشاش ئەمەس. (ئەسكەرتىش: بۇ خىل ئەھۋال ئىنگلىز تىلىدا ناھايىتى كۆپ)
- - تېكىست ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ ۋە ئوڭدىن سولغا ئوقۇلىدۇ.
- - بوشلۇق سۆزلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.
- - ھەر بىر ۋاراقتىكى سۆزلەر ئاشۇ ۋاراقتىكى رەسىملەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بۇ ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن كىتاب تاللىغاندا، بالىڭىز دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقنىڭ دەرىجىسى ۋە بالىڭىز ئۈچۈن بېكىتكەن نىشانغا توغرا كېلىدىغانلىرىنى تاللاڭ. مەسىلەن، ئەگەر بالىڭىز 5 ياشلىق بالىلار يەسلىسىگە كىرىش توغرىسىدا جىددىيلىشىۋاتقان بولسا، بالىلار يەسلىگە كىرگەن 1-كۈنى كۆرىدىغان ئىشلارنى مەزمۇن قىلغان كىتابتىن بىرنى ئوقۇپ بېرىڭ. ئەگەر سىز ئۆي كۆچمەكچى بولۇۋاتقان بولسىڭىز (ئەسكەرتىش: ئۆي كۆچۈش غەرب ئەللىرىدە ناھايىتى كۆپ بولىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى)، بالىڭىزغا بۇرۇنقى ئۆي بىلەن خوشلىشىپ، يېڭى ئۆيگە ئورۇنلىشىش ھەققىدىكى كىتابتىن بىرنى ئوقۇپ بېرىڭ.

بۈگۈنكى يۇقىرى تېخنولوگىيە دەۋرىدە، كۆپىنچە مەكتەپلەر بالىلارغا ھالقىلىق ماھارەتلەرنى ئۆگىتىش ۋە بالىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ئۈچۈن كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىدۇ. شۇڭا بالىڭىزنىڭ كومپيۇتېر ئىشلىتىشتىكى ئاساسىي قەدەم-باسقۇچلارنى ئۆگىنىۋېلىشقا ياردەم قىلىڭ.

## 4. ئاخىرقى سۆز

«دەسلەپكى مەزگىللەر» گۇرۇپپىسىنىڭ تور بېتىدىكى مەن تونۇشتۇرماقچى بولغان مەزمۇنلار مۇشۇ ماقالە بىلەن ئاخىرلاشتى. ئوخشىمىغان ياش كاتېگورىيىسىدىكى بالىلار تەربىيىسى ھەققىدىكى مەن تېخى تونۇشتۇرمىغان مەزمۇنلاردىن پەقەت تۇغۇلمىغان بالا ھەققىدىكى مەزمۇن بار بولۇپ [3]، ئۇ مەزمۇنلار مەن بۇرۇن يېزىپ بولغان «تۇغۇلمىغان بوۋاققا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىلىرى» دېگەن تېمىدىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. شۇڭلاشقا مەن ئۇ مەزمۇنلارنى قايتا تونۇشتۇرمايمەن.

بالا تەربىيىسى ھەققىدە مەن پىلانلاپ قويغان تېمىلاردىن يەنە بىر قانچىسى بار بولۇپ، مەن ئۇلارنى داۋاملىق تەييارلاپ يوللايمەن. ئەگەر تورداشلارنىڭ كۆڭلىدە بالا تەربىيىسى ھەققىدە كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر قىزىقىدىغان تېمىلار بار بولسا، ئۇنى مۇشۇ تېمىنىڭ ئاستىغا ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويساڭلار، مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزۈم مۇۋاپىق كۆرگەن تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇلارنى بۇنىڭدىن كېيىن ئايرىم تېما قىلىپ يوللايمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Early Moments – Our Story
https://www.earlymoments.com/Our-Story/

[2] 4-6 Year Old Child Development Tips
https://www.earlymoments.com/Promoting-Literacy-and-a-Love-of-Reading/4-6-years-old-Child-Development-Tips/

[3] Prenatal Child Development Tips
https://www.earlymoments.com/Promoting-Literacy-and-a-Love-of-Reading/Preliteracy-Skills-Prenatal/Prenatal-Child-Development-Tips/


مەن قېرىنداشلارغا بالىلار تەربىيىسىنى مەزمۇن قىلغان تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن (ئەگەر مۇشۇنداق تور بەتلىرىدىن باشقىلىرى بولسا، مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغان بولساڭلار. رەھمەت):

http://www.aybalam.com

http://anabala.com/

مەن قېرىنداشلارغا تۆۋەندىكى تېمىنى تەۋسىيە قىلىمەن:

«ۋاللەي مەھسۇلات بازارغا سېلىش مۇراسىمى ھەققىدە»

http://bbs.izdinix.com/thread_58054_1_1.html










Rainbow Book
DONALD AND THE LOCH NESS MONSTER

# بوۋاقنى كېچىسى ئوزۇقلاندۇرۇش زۆرۈرمۇ؟

2014-يىلى 8-ئاينىڭ 8-كۈنى

يېقىندا بىر قېرىندىشىمىز ماڭا توردا ئىنكاس يېزىپ، مەندىن مۇنداق بىر سوئال ئۇستىدە ئىزدىنىپ بېقىشنى ئۆتۈنۈپتۇ: بوۋاقنى كېچىسى ئوزۇقلاندۇرۇش زۆرۈرمۇ؟ مەن بۇ مەسىلە ئۇستىدە ئىزدىنىپ، بەزى قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشتىم. تۆۋەندە مەن شۇ ئۇچۇرلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئىنگلىزچە «بوۋاقلار مەركىزى» (Babycenter.com) دەپ ئاتىلىدىغان بىر تور بەت بار بولۇپ، ئۇ تور بەت ھامىلىدار بولغان، يېڭىدىن ئانا بولغان چوكان ۋە ئانىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ھازىر 39 مىليون ئەزاسى بار بولۇپ، ئامېرىكىدىكى 70 پىرسەنت ھامىلىدار بولغان، يېڭىدىن ئانا بولغان چوكان ۋە ئانىلار ئاشۇ مەركەزنىڭ مۇلازىمىتىدىن پايدىلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمى تۆۋەندىكى ئۇچۇرنى ئۆزىنىڭ تور بېتىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ [1]:

نورمال تۇغۇلغان بالىلار 6 ئايلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى كېچىسى ئوزۇقلاندۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ نېۋادا شتاتى رېنو شەھىرىدىكى بالىلار كېسىلى دوختۇرى سۇزان سورىنسېن (Susan E.C. Sorensen) نىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، 6 ئايغا توشقان بوۋاقلار بىر قېتىم ئوزۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ئوزۇقلانغۇچە 6 سائەت ۋاقىت ئويغىنىپ كەتمەي، راھەت ئۇخلىيالايدىكەن.

سىز كېچىسى قوپۇپ بالىڭىزنى ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئېغىر كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەڭ ياخشىسى بالىڭىز 6 ئايلىق بولغاندىن كېيىن بالىڭىزنى كېچىسى ئوزۇقلاندۇرماڭ.

سۇزاننىڭ قارىشىچە، بالىڭىز 2 ئايلىق بولغاندىن كېيىنلا ئۇنى ئۆزى ئۇخلايدىغان قىلىسىڭىز بولىۋېرىدۇ. يەنى بالا 2 ئايلىق بولغاندىن كېيىن، بالىڭىزنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ، تېخى ئۇخلىمىغان ۋاقىتتىلا ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇنى ئۆزى ئۇخلايدىغان قىلىشنىڭ ھېچ قانداق زىيىنى يوق. ئىككى ئايلىق بالىنى كېچىسى ئوزۇقلاندۇرمىسا بولمايدۇ. ئەمما، بالىنى ئۆزى ئۇخلايدىغان قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىش ھەرىكىتى بىلەن ئۇيقۇغا كىرىش ھەرىكىتىنى ئايرىۋەتكىلى بولىدۇ. يەنى سىز ھەر قېتىم بالىڭىزنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئېمىتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا بالىڭىز كېچىسى ئويغىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى قايتا ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئېمىتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بالىڭىز كېچىسى ئوزۇقلانمىسىمۇ بولىدىغان بولغاندا، ئۇنىڭدا مۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ: سىزنى بەك ئۇزۇن ئېمىپ كەتمەيدۇ، قۇتىدىكى سۈتنى ئىچىپ تۈگەتمەيدۇ، ھەمدە سىزنى ئېمىۋېتىپ ئۇخلاپ قالىدۇ.

ئەگەر بالىڭىز ئەت ئالالمىغان بولسا، ياكى ئۇنىڭدا باشقا نورمالسىزلىق كۆرۈلۈۋاتقان بولسا، كېچىسى ئوزۇقلاندۇرۇش ئىشىنى قانداق قىلىش توغرىسىدا سىز چوقۇم دوختۇردىن مەسلىھەت ئېلىڭ.

ئۇيقۇ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ نەزىرىدە، بىر بوۋاقنىڭ ئاخشىمى ئويغانماي 5 سائەت ئۇخلىغىنى، ئۇنىڭ پۈتۈن بىر ئاخشامنى ئويغانماي ئۆتكۈزگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ [2].

## قوشۇمچە: تۇرمۇشنىڭ 18 قائىدىلىرى (ھېكمەتلىك سۆزلەر)

ئامېرىكىدا بىر داڭلىق گۈزەل ئەخلاق تەشەببۇسكارى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى مايكۇل جوسېفسون (Michael Josephson). ئۇ داۋاملىق «ئەخلاق ئىنتايىن مۇھىم» (Character counts) دېگەن تېمىدا قىسقا ماقالىلەرنى يازىدۇ. ھەمدە مەكتەپ ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قاتارلىق نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ، ئەخلاق ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەيدۇ. مەن ئۇنىڭ يازغانلىرىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. 2014-يىلى 29-ئىيۇل كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ تور بېتىدە «تۇرمۇشنىڭ 18 قائىدىلىرى» (18 random rules of life) دېگەن بىر تىزىملىكنى چىقىرىپ قويدى. گەرچە بۇ قائىدىلەر مەزكۇر ماقالە بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ، مەن قېرىنداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يازغىنىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، بۇ يەرگە قوشۇپ قويدۇم. مەن ئەسكەرتىپ قويمىسام بولمايدىغان بىر ئىش شۇكى، ئامېرىكا جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە زور پەرقلەر بار، شۇڭا بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەردىن جانلىق پايدىلىنىڭ.

تۆۋەندىكىسى مايكۇل جوسېفسوننىڭ يازغىنى [3]:

مەن دۇنياۋى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. ئۇلارنى توپلايمەن، يېزىپ قويىمەن، ھەمدە ئۇلارنى باشقىلار بىلەن ھەمبەھرىمان بولۇشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. تۆۋەندىكىسى تۇرمۇشنىڭ 18 قائىدىسى بولۇپ، ئۇلار سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىكى ئەينىكىڭىزگە چاپلاپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ. ئەگەر ئۇلارنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدىكى ئائىلە مۇزاكىرىسىنىڭ باشلىنىش تېمىسى قىلسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

1. ھەر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەڭ. شۇنداق قىلسىڭىز بۇنىڭدىن كېيىن مەغلۇپ بولمايسىز.
2. ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئىشنى توغرا قىلغانلىقىڭىزغا بولغان قايىللىقىڭىزنىڭ كۈچىيىشى ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئاشۇ ئىشنى توغرا قىلغانلىقىڭىزنىڭ ئېھتىماللىقىنى ئۆستۈرمەيدۇ.
3. ھەقىقىي دوستىڭىز سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە نىسبەتەن «مەن بىر ياراملىق ئادەم» دېگەن ھېسسىياتقا كېلىشىڭىزگە ياردەم قىلىدۇ، ھەمدە سىزنى تېخىمۇ ياخشىراق بولۇشقا ئىنتىلدۈرىدۇ.
4. ئەگەر سىز بىر ئورەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان بولسىڭىز، ئۇنى كولاۋېرىشنى توختىتىڭ.
5. نەتىجىگە ئېرىشىش بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى، ھەمدە خۇشاللىق بىلەن بەختنى ئارىلاشتۇرۇپ قويماڭ.

6. ئۆزىنى قىزغانچۇقلۇقتىن يىراق تۇتۇشنى رەت قىلىش ئۆزىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان ئاچقۇچنى رەت قىلىش بىلەن ئوخشاش.

7. بىر ئادەمگە ئۆچ بولۇش ئۆچ كۆرگەن كىشىگە قارىغاندا ئۆزىنى بەكرەك ئازابلايدۇ.

8. تەلەيگە تايىنىش بىردەم بار بولۇپ، بىردەم يوق بولىدىغان پۇرسەتكە تايىنىشتۇر. ئەگەر سىز پىلان تۈزۈپ قاتتىق تىرىشسىڭىز، سىزنىڭ غەلىبە قىلىش ئېھتىماللىقىڭىز زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

9. باشقىلارغا يېقىنلىق قىلىش ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويۇشتىن ياخشى.

10. بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمىغىچە توختاپ قالماسلىقنىڭ قۇدرىتىنى تۆۋەن چاغلىماڭ.

11. ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل كۆپىنچە ۋاقىتتا ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بولۇپ چىقمايدۇ.

12. باشقىلارنىڭ ماغزىپىنى ئېتىلدۇرۇۋېتىش ئۆزىڭىزنىڭكىنى ئېتىلدۇرۇۋېتىشتىن كۆپ ئاسان.

13. سىز ئاغرىقتىن ساقلىنالمايسىز، ئەمما دەرد چېكىشتىن ساقلىنالايسىز.

14. ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىش يېڭىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىستراتېگىيە. ئۇ باشقىلارنى سەسكەندۈرىدۇ، ھەمدە ئۆزىڭىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

15. قىسقىراق يول كۆپىنچە ۋاقىتتا كەمتۈكرەك غەلىبىگە ئېلىپ بارىدۇ.

16. ئۆزىڭىزنىڭ پوزىتسىيىسىنى كونترول قىلىڭ. بولمىسا ئۇ سىزنى كونترول قىلىدۇ.

17. ئەھمىيەتلىك بولۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشتىن مۇھىمراق.

18. دۇنيا سىزنىڭ ساقايتىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] When can my baby go through the night without a feeding?
http://www.babycenter.com/408_when-can-my-baby-go-through-the-night-without-a-feeding_1368537.bc

[2] 10 Tips for Night Feedings
http://www.askdrsears.com/topics/feeding-eating/feeding-infants-toddlers/10-tips-night-feedings

[3] Eighteen Random Rules of Life
http://whatwillmatter.com/2013/07/commentary-836-2-eighteen-random-life-rules/

# بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ

2015-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى

بىز ھەممىمىز ئۆز بالىمىزغا كۆيىمىز. بەزىلىرىمىز بوشراق كۆيىمىز. بەزىلىرىمىز بەكرەك كۆيىمىز. يەنە بەزىلىرىمىز بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق كۆيىمىز. بالىسىغا كۆيۈش يامان ئىش ئەمەس. بالىسىغا كۆيۈش گۇناھ ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە بالىسىغا كۆيمەسلىك گۇناھتۇر. بالىسىغا كۆيۈش ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى بولۇپ، ئۇلار يارىتىلغاندىلا ئاشۇنداق يارىتىلغان. ئەمما، بۇ يەردە «بالىغا توغرا كۆيۈش» مەسىلىسى بار. بالىڭىزغا ئۆيىڭىزدە خۇددى بىر پادىشاھقا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسىڭىز، ياكى بالىڭىزنى خۇددى بىر كىچىك پادىشاھنى باققاندەك باقسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى مۇھىم گەپ، ئۇ جەمئىيەتكە چىققاندا قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقىدا. چوڭ بولغاندا جېنىنى قانداق باقىدىغانلىقىدا. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىسىغا كۆيۈشتىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم بۇرچى بار. ئۇ بولسىمۇ بالىسىنى چوڭ بولغاندا جەمئىيەتتە ئۆزىگە چۇشلۇق ئىززەت، ۋە ئۆزىگە چۇشلۇق ھۆرمەت بىلەن ياشىيالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش. بالىسىنى ئۆزى تۇغۇلغاندىلا ئىچىگە سېلىپ قويۇلغان ئىنسانلىق غۇرۇرىنى ساقلاپ ياشايدىغان قىلىپ يېتىلدۇرۇش، شۇنداقلا بالىسىنى چوڭ بولغاندا ئۆزىگە بىر يېتەرلىك ئىقتىسادىي كىرىمنى يارىتالايدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈش. يېقىنقى 10-20 يىل مابەينىدە، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ بالىلارنى بىر قىسىم ياخشى پەزىلەت بىلەن تەربىيەلىشى جەھەتتە خېلى زور چېكىنىش يۈز بەردى. مەن ھازىر پەقەت سۇ ئىچمەي، پەقەت دۇكانلاردىن سېتىۋالىدىغان ئىچىملىكنىلا ئىچىدىغان بالىلارنى ئۇچرىتىمەن. ئۇلار «سۇنىڭ ھېچقانداق تەمى يوقكەن»، دەيدۇ. ھازىرقى نۇرغۇن بالىلار چۈشتە ئۆيدە ئەتكەن بىر خىل ياخشى تاماقنى يەپ، كەچتە بولسا چۈشتە ئېشىپ قالغان تاماقنى قەتئىيلا يېگىلى ئۇنىمايدۇ. ئۇلار «چاقچاق قىلىۋاتامسەن، مەن بىر كۈندىكى ئىككى ۋاق تاماق ئۈچۈن ئوخشاش تاماقنى يەمدىم؟»، دەيدۇ. ھازىرقى بىر قىسىم بالىلار قاتتىق ئىشلەشنىڭ، بەزىدە غۇرگۇلچىلىكتە ياشاشنىڭ، جاپاغا چىداشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. يەنى ھازىر بەزى بالىلار ھۇرۇن، جاپاغا چىدىمايدىغان، قولىدىن ئانچە ئىش كەلمەيدىغان، ۋە ئېغىر دەرىجىدە ئىسراپچىلىق قىلىدىغان بولۇپ چوڭ بولۇۋاتىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ناھايىتى غەلىتە مىجەز-خۇلقلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر چوڭ بولۇۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرىدىكى بىر روشەن ئۆزگىرىش، ئۇلارنىڭ مىجەزىدىكى «ئۇيغۇرلۇق» نىڭ كۆپ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن ئىبارەت. مانا بۇلار «بالىغا توغرا كۆيۈش» نى بىلمىگەن ئاتا-ئانىلار ئىشلەپ چىقارغان بىر قىسىم «مەھسۇلاتلار» دۇر.



1 ـ رەسىم: ئۇيغۇر بالىلىرى

ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى يېزىلاردا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى زور ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن «بالا تەربىيەلەش» ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسەت تېخىچە «بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويماي چوڭ قىلىش» تىنلا ئىبارەت. شۇڭلاشقا گەرچە مەزكۇر ماقالىدىكى مەزمۇنلار بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزغىمۇ ماس كەلسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى هازىرچە تېخى بۇنداق هازىرقى زامان بىلىملىرىدىن پايدىلىنالايدىغان بىر ئىمكانىيەت ئىچىدە ئەمەس. مېنىڭچە بالا تەربىيەسى جەھەتتە هازىر ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە پۈتۈن خەلق مىقياسىدا كەم دېگەندە تولۇقسىز ئوتتۇرا مائارىپنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھەممەيلەننى كەم دېگەندە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تاماملىغۇچە ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ ئىلمىي يوسۇندا بالا تەربىيەلەشتىن سۆز ئاچالايمىز. مەن ھەر بىر قېرىنداشلاردىن بۇ ئەھۋالنى ھەر ۋاقىت ئەستىن چىقارماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ماڭا يېڭى تېمىلار ئۈستىدە تەكلىپ ۋە تەلەپ يوللىغان قېرىنداشلار ئىچىدە بالا تەربىيەسىنى تىلغا ئالغانلار خېلى كۆپ. شۇڭلاشقا مەن بۇ جەھەتتە كۆپ ئىزدەندىم. هازىرمۇ ئىزدىنىۋاتىمەن. مەن بۇ قېتىم قېرىنداشلارغا مەلۇم بىر دۆلەت خەلقىنىڭ بالا تەربىيەسىنى ياخشىلىشىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن بىر كىتابنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرىمەن. كىتابنىڭ ئىسمى «بالىمىزغا توغرا كۆيۈڭ» بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپىدە ئاشۇ دۆلەتنىڭ رادىيوسىدا بىر مەزگىل لېكسىيە قىلىپ سۆزلەنگەن. ئۇنىڭ تەسىرى ۋە ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغاندىن كېيىن، ئۇ لېكسىيەلەر توپلىنىپ، ۋە رەتلىنىپ، بىر كىتاب قىلىپ ئىشلەنگەن. ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كىتاب ئىنگلىزچىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، مەن بۇ قېتىم ئاشۇ ئىنگلىزچە كىتابتىن پايدىلاندىم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ هازىرچە زېھنىنى پەقەت ماقالىدىكى مەزمۇنلارغىلا مەركەزلەشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەن بۇ قېتىم ئاپتورنى ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

مەن چەت ئەللەردە ناھايىتى ئۇزۇن ياشىدىم. ھەمدە ئۇيغۇرۇم ئۈچۈن ماقالە يېزىپ بېرىمەن، دەپ نۇرغۇن ئىشلارنى مەقسەتلىك كۆزەتتىم. ئاشۇ ئىشلارنىڭ بىرى بالا تەربىيەسىدىن ئىبارەت.

شۇنداق بولغاچقا، مەن ياپونلار، يەھۇدىيلار ۋە ئامېرىكىلىقلار بالىنى قانداق تەربىيەلەيدىغانلىقىنى بىر ئاز بىلىمەن. مەن بۇ قېتىم «بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ» دېگەن كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان بالىنى ياخشى تەربىيەلەش توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئىدىيەلەر مەن چەت ئەلدە كۆرگەن ۋە چەت ئەلدە بىلگەن بالا تەربىيەلەشنىڭ ئىلغار ئۇسۇللىرى بىلەن ناھايىتىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقىدىم (بۇ كىتابتا ئامېرىكىدەك تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىدە چەكلەنگەن، بالىنى ئۇرۇشتەك بەزى ئۇسۇللارمۇ بار بولۇپ، مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىپ قېلىشى ئۈچۈن ئاشۇنداق مەزمۇنلارنى قىسقارتىۋەتمىدىم، ئەمما مەن ئوقۇرمەنلەردىن ئۇنداق مەزمۇنلاردىن جانلىق پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن). ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يازىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىنى ياخشى تەربىيەلەش ئۇسۇلىدىن باشقا يەنە چوڭ-ئاپا ۋە چوڭ-دادىلارنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىمۇ بار. شۇڭلاشقا مەن بۇ ماقالىنى ھازىر ئۆزى لايىق ئىزدەۋاتقان، لايىق تېپىپ توي قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ياشلار، ۋە بالىلىق بولغان، بالىسى خېلى چوڭ بولۇپ قالغان، ۋە نەۋرىلىك بولغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەسلىدىكى كىتاب 3 چوڭ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەر بىر قىسىم يەنە كۆپلىگەن كىچىك تېمىلارغا بۆلۈنگەن. مەن كىتابتىكى پەقەت ئۇيغۇرلارغا ماس كېلىدىغان مەزمۇنلارنىلا ئالىدىغان بولغاچقا، تۆۋەندە مەن مەزمۇن جەھەتتە كىتابنىڭ ئەسلىدىكى تەرتىپىنى ساقلايمەن، ئەمما كىچىك تېمىلارنى مەن ئۆزۈم قويۇپ ماڭىمەن. شۇنداقلا بۇ ماقالىنى تورلارغا بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈپ يوللايمەن. تۆۋەندە يازىدىغىنىم پۈتۈنلەي ئەسلىدىكى كىتابتىكى مەزمۇنلار بولۇپ، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە ئايرىم مەزمۇن قىلىپ قوشۇپ قويىمەن.

## 1. لاياقەتلىك ئاتا-ئانا بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس

ھەر بىر ئاتا ۋە ھەر بىر ئانىنىڭ يۈرىكى ياكى قەلبىدە ئوخشاش بىر نەرسە چوقۇم بار بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بىر ئورتاق ئارزۇدىن ئىبارەت. ئەگەر سىز ئاشۇنداق ئاتا ياكى ئانىلارنىڭ بىرسى بولىدىكەنسىز، ئۇ ھالدا سىز ئۆز پەرزەنتىڭىزنىڭ بىر پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىسىز. ئەگەر سىز ئۆز پەرزەنتىڭىزنىڭ كەلگۈسى ئانچە ئېنىق ئەمەسلىكى ھەققىدە بەزى ئالامەتلەرنى كۆرىدىكەنسىز، مەيلى ئۇ چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، سىز ئالدىڭىزدا تېخى بىر ئېنىق يول بولمىغان ئاشۇ بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىڭىزنىڭ ئازابىنى ۋە كۆڭۈلسىزلىكىنى يۈرىكىڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇپ تۇرۇپ ياشايسىز.

بىر مۇكەممەل دادا ۋە بىر مۇكەممەل ئانا بولۇش ھەرگىزمۇ بىر ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇ بىر كىچىك مەسئۇلىيەتمۇ ئەمەس. بۇ مەسئۇلىيەت بىر بالا مۇشۇ دۇنياغا كۆز ئېچىش بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. بالىنى ھەممە ئىشلاردا يۆلەش ھەر بىر دادا ۋە ھەر بىر ئانىنىڭ ئادەتتىكى مەسئۇلىيىتى بولۇپ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن مەسىلە ۋە ئېغىرچىلىقلار ھەرگىز بىر بالىنىڭ سالامەت تۇغۇلۇشى بىلەن تولۇق ھەل بولمايدۇ. سىز ھەرگىزمۇ تۇرىدىغانغا بىر ئۆي، ئۇخلايدىغانغا بىر كارىۋات، باشنى قويىدىغانغا بىر ياستۇق، ۋە تۇرمۇشنى قامدايدىغانغا بىر ۋاستە بولسىلا كۇپايە، دەپ ئويلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالالمايسىز. زۆرۈر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شۇ، دەپ ئويلاش ھەرگىزمۇ توغرا بولمايدۇ. بالىڭىز بىر پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشىشى ئۈچۈن قانداق ياشىسا

بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر يېتەكچى ئىدىيىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردىڭىزمۇ-يوق، دېگەن مەسىلە ھەممىدىن مۇھىم مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

دادا بىلەن ئاپىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر يېرىدە بالىلىرىنىڭ بىر پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشەلىشى ھەققىدە بىر ئۈمىد بار بولىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار پەقەت بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار مۇۋاپىق پەيت، ياخشى پۇرسەت ۋە تەلەينى ساقلايدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ياخشى ئىستىقبالغا ئېرىشىشىگە ياردەم قىلىش، ۋە ياخشى ئىستىقبالغا ئېرىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەقلىگە ئىگە ئەمەس بولۇپ، ئۇلار «بالامنىڭ پېشانىسىگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا، ئۇ شۇنىڭغا ئېرىشەر» دەپ قاراپ تۇرىدۇ. بالىنى ئۆز قىسمىتىگە تاشلاپ قويۇش بىلەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىر ياخشى ئىستىقبالغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا سىز بالىڭىزنى ھەر ۋاقىت بىر پارلاق يولغا يېتەكلەيدىغان بىر چارە تېپىشقا ھەقىقي تۈردە ئېھتىياجلىق بولۇپ، بۇ ئىش سىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. بىزنىڭ بالىمىز بىزنىڭ يۈرىكىمىز. بىزنىڭ بالىمىز بىزنىڭ روھىمىز. بىز مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئاتا-ئانا بولغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. پەقەت ئاتا-ئانىلارلا بالىسىنى تەربىيەلەپ ۋە يۆلەپ، ئۆز كۆڭۈللىرىدىكى ئۇلۇغۋار ئۈمىدنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شۇ ئاساستا بالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ يۈرىكى بىلەن روھىغا ئايلاندۇرالايدۇ.

## 2. بۇرۇن قىلغان ياخشىلىق كېيىن ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ

بەزى دىنىنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەم بۇرۇن قىلغان ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇرۇن كۆرسەتكەن بەزى ئەمەللەر بۇنىڭدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بەزى كىشىلەر ئۆزلىرى بۇرۇن قىلغان ئىشلارنى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، «بىز بۇرۇن نېمە ئىش قىلغانغا ھازىر مۇشۇنداق تەقدىرگە دۇچ كەلدۇق؟» دەيدۇ. بەزىلىرىمىز ھاياتىمىزدىكى چوڭ ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇققاندا بىر يەرگە مۆكۈنۈۋېلىپ تۇرۇپ يىغلايمىز، ھەمدە ئۆزىمىزگە «بىز قىلغان قايسى يامانلىقلار ئۈچۈن بىز مۇشۇنداق بىر ناچار ئەھۋالغا كىرىپ قالدۇق؟» دەيمىز. ھەر قانداق بىر ئادەم «مېنىڭ بۇرۇن قىلغانلىرىم مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ»، دېيەلەيدۇ. ئۇلار شۇنداق دېسە دەۋەرسۇن. ئەمەلىيەتتە بولسا بىزنىڭ بۇرۇن قىلغان-ئەتكەنلىرىمىزنىڭ كۈچى بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمىزنى كونترول قىلىدۇ.

بىز بۇرۇن قىلغان ياخشى ئەمەللەر بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن گۈللىنىشىمىزگە ياردەم قىلىدۇ. بىز بۇرۇن سادىر قىلغان يامانلىقلار بولسا چوقۇم بىزنى پەسكە چۆكتۈرىدۇ. بۇ ئەسلىدە بىز ئىزدەۋاتقان «ياخشى تەلەي» نىڭ ئۆزى بولۇپ، بىز پەقەت ئۇنىڭ ئەسلىدە ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇنقى قىلمىشلىرىنىڭ كۈچى ئىكەنلىكىنى توغرا تونۇپ يېتەلمەيمىز.

شۇنداق بولغاچقا، ئەگەر سىز بالىنىڭ دادىسى ياكى ئانىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بالىڭىزغا دائىم ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا پەقەت ياخشى ئەمەللەرنىلا قىلىپ، يامانلىقلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىز، بۇ سىزنىڭ بالىڭىزغا قالدۇرغان بىر قىممەتلىك مىراس بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىڭىز نەگە بارسا بۇ ياخشى تەسىرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارىدۇ. يەنى بۇ «ياخشى تەلەي» بالىڭىزغا ھەر ۋاقىت ھەمراھ بولىدۇ.

### 3. بالىغا بولغان كۆيۈم قوش بىسلىق بولىدۇ

سىز بىر پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن، سىز ئۇلارغا ئىنتايىن كۆيىسىز، ھەمدە ئاخىرى بىر پەرزەنتلىك بولغانلىقىڭىزدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىسىز. ھەممە ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ بالىسىغا كۆيىدۇ. ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ بىر داڭلىق ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھېچكىم ئۆز پەرزەنتىگە بىلىپ تۇرۇپ يامانلىق قىلمايدۇ. بۇ بىر ئادەتي پاكىت. ئەمما، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىغا بولغان كۆيۈمى بىر قوش بىسلىق قىلىچقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كۆيۈمى بەزىدە پايدىلىق بولىدۇ. بەزىدە زىيانلىق بولىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىنىڭ كۆيۈمى مۇۋاپىق بولىدىكەن، ئۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆيۈمى خاتا بولىدىكەن، شۈبھىسىزكى ئۇنداق كۆيۈم زىيانلىق بولىدۇ. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بالىسىغا كۆيۈنۈش تەرىقىسىدە قىلغان ئىشلىرى بىلەن ئۆز بالىلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. بۇنداق ۋەيرانچىلىقنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلمەي تۇرۇپ سادىر قىلغان. يەنى، بەزى ئاتا-ئانىلار ئۆزىنىڭ بالىسىغا كۆيۈشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئۇنى ھەددىدىن زىيادە بەك قوغداپ، بالىسىغا ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئەركىنلىك بېرىۋېتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا بالىسىنى ئۆز-ئۆزىنى باقالماسلىق ھالىتىگە ئەكېلىپ قويغان. بالا ھەممە ئىشتا ئاتا-ئانىسىغا يۆلەنمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالغان. بەزى ئائىلىلەردە، بالا نېمىنى ئالىمەن دېسە، نېمىنى قىلىمەن دېسە، ئاتا-ئانىلار ئۇنىڭغا ھېچ قانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا ماقۇل بولىدۇ. ئۇ ئاتا-ئانىلار بىر ئىشقا «ياق» دەپ قويسا بالىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ھەممە ئىشىغا مۇشۇ تەرىقىدە يول قويىدىكەن، بالا ئاتا-ئانىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار باشقا ھەر قانداق نەرسىگە قارىغاندا بالىسىدىن بەكرەك قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلاردا بالىسىنىڭ ناتوغرا سۆز-ھەرىكىتىگە قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان غەيرەت بولمايدۇ. بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئەركىلىتىدىغانلىقىنىمۇ (humour) ئوبدان بىلىدۇ.

ئادەتتە بالا بىرەر ئىش قىلغاندا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئەگىشىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ توختاپ، قىلغان ئىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت ھەققىدە ئويلانمايدۇ. ئۇلار بىرەر نەرسىنى ئىستىگەندە، ئۇلار «ئۇ نەرسىنى ئېلىشىم كېرەك» ياكى «ماڭا ئۇ ئىشنى قىلىشقا يول قويۇلۇشى كېرەك» دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار قىزىققانلىق (compulsive) ۋە ئاسانلا ئاچچىقى كېلىپ قالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى بىر نەرسە چۆرۈۋېتىش، ۋە ياكى بىر نەرسىنى چېقىۋېتىش ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ. ئاتا-ئانا بولسا بالىسىنىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە ئىش كۆرۈشكە مەجبۇرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بالا مۇشۇنداق قىلىپ بىر قېتىم غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۇ بۇنداق تاكتىكىنى ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تۇردە تەكرارلاپ تۇرىدۇ، ھەمدە ھەر قېتىم ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا گۇناھ كىمدە؟ بۇنداق ئەھۋالدا گۇناھ ئاتا-ئانىلاردا. چۈنكى ئۇلار بالىغا ھەددىدىن زىيادە كۆپ قېتىم يول قويغان. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ بالىسىغا بولغان كۆيۈمدىن كېلىپ چىققان. بۇ يەردە ھېچكىم ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە بولغان مۇھەببىتىگە قارشى ئەمەس. بۇ يەردىكى مەسىلە بالىغا توغرا كۆيۈشتىن ئىبارەت.

## 4. بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ

بۇرۇنقىلار دەيدىغان مۇنداق بىر سۆز بار: «ئەگەر چارۋاڭغا كۆيسەڭ، ئۇنى باغلا. ئەگەر بالاڭغا كۆيسەڭ، ئۇنىڭ ساغرىسىغا ئۇر (spank)». بىز بۇ سۆزگە قۇلاق سېلىشىمىز ۋە ئۇ ھەقتە ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك. ئۆز چارۋىلىرىغا بەك كۆيۈپ كەتكەن بىر ئادەم ئۇلارنى قويۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن يۈرۈشىگە يول قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چارۋىلار باشقىلارنىڭ كۆكتاتلىرى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى يەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چارۋىلارنىڭ ئىگىسى بۇنىڭغا تۆلەم تۆلەشكە مەجبۇرى بولىدۇ. بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چارۋىلارنىڭ ئىگىسى ئۇلارنى قوزۇقلارغا باغلاپ قويۇشى كېرەك.

بۇ ئىش بالىلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. بىز بالىمىزغا كۆيىمىز، ھەمدە ئۇلارنى جازالاشقا مەجبۇرى بولىمىز. ئۇلارنى جازالىغاندا بىز ئۇلارنى ئۆلگۈچە ئۇرمايمىز، ياكى ئۇلارنى زەخمىلەندۈرمەيمىز. بەلكى، بىز ئۇلارنى كېلەر قېتىم ئوخشاش خاتالىقنى يەنە ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن بىر ئاز ئويلىنىدىغان قىلىمىز. لايدىن تەشتەك ياسايدىغانلار بىر تال تاياق بىلەن تەشتەكنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇرۇپ، تەشتەكنى بىر چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ تەشتەك يېرىلىپ كەتكۈچە ئۇرمايدۇ. بىر بالىنى جازالاشمۇ مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك.

بالىلارنى ئەدەپلەشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. ئۇنىڭ بىرى پەقەت گەپ بىلەنلا ئەدەپلەش، يەنە بىرى بولسا بالىنى ئۇرۇش (flogging). بالىغا بىر نەرسىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇلارغا سۆزلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ئۇلارغا ئۆگىتىش، ھەمدە قايتا-قايتا ئۆگىتىش كېرەك.

بالىلارنىڭ بىر تەبىئىي خۇسۇسىيىتى، ئۇلار بىر دەممۇ جىم تۇرمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقىنىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئاشۇ ئىشنى قىلىشنىلا بىلىدۇ. ئۇلار قىلغان ئىش بەزىدە توغرا ئىش بولۇپ چىقىدۇ. بەزىدە بولسا خاتا ئىش بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار قىلغان ئىشتىن بىرى خاتا ئىش بولسۇن، ئەگەر ئاتا-ئانا بالىنى توسمايدىكەن، بالىغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەيدىكەن، ئۇ ھالدا بالا «ئاشۇنداق ئىشنى قىلسام بولۇۋېرىدىكەن»، دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانا بالىنى ئاشۇنداق ئىشنى قىلىشتىن ھەرگىزمۇ توسمايدىكەن، بالا ئۇ ئىشنى قايتا-قايتا قىلىۋېرىپ، ئۇ بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بالا بىر ئىشنى قىلىشنى بىر ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىنتايىن قىيىن. كۆپىنچە ئاتا-ئانىلار مۇشۇ جەھەتتە خاتالىشىدۇ. ئۇلار نۇرغۇن ئىشلارغا «بۇ بىر كىچىك ئىش ئىكەن، ئۇنىڭ ھېچ بىر زىيىنى يوق»، دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ كىچىك ئىشلار چوڭ ۋەقەلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئەقىل ئىشلىتىپ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىش قىلىدىغان ئادەم چوقۇم ھەر دائىم بالىسى قىلىۋاتقان كىچىك ئىشلارغا دىققەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. كىچىك مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدىلا ھەل قىلغانلىق چوڭ مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت. ئاتا-ئانىلارنىڭ بىر بۇرچى، بالىسىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرۇشتۇر. ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ بىر خاتا ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھامان، ئۇنى دەرھال توسۇشى ۋە تۈزىتىشى كېرەك.

بالىغا گەپ قىلغاندا، گەپنى سىلىق ۋە سوغۇق قانلىق بىلەن قىلىڭ. بالىڭىزغا ھەرگىزمۇ ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ گەپ قىلماڭ. چۈنكى سىز ناھايىتى ئاچچىقىڭىز كەلگەندە بالىڭىزغا گەپ قىلسىڭىز، ھەرگىزمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيسىز. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنداق قىلسىڭىز بالىڭىزمۇ ئاسانلا ئاچچىقى كېلىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بالىڭىزغا چوڭقۇر كۆيۈنۈش ۋە ناھايىتى

ھېسداشلىق قىلىش تەرىقىسىدە گەپ قىلسىڭىز، ياخشىراق نەتىجىگە ئېرىشىسىز. دەسلەپتە بالىڭىزغا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭ. بالىڭىزغا دادىسى بىلەن ئاپىسى ياخشى بالىنى ياخشى كۆرۈپ، ناچار بالىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر بالىڭىز ئاتا-ئانىسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدىكەن، چوقۇم بىر ياخشى بالا بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىڭ. ھۇرۇنلۇق قىلماي، مۇشۇنداق گەپلەرنى قايتا-قايتىلاپ دەپ تۇرۇڭ.

بىز بالىغا گەپ قىلغاندا، چوقۇم بالىمىز گېپىمىزنى تولۇق چۈشەنگۈچە گېپىمىزنى قايتا-قايتا دېيىشىمىز كېرەك. بالىمىز چوقۇم سەۋەبلەرنى چۈشىنىشى كېرەك. ئۇلار چوقۇم نېمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئىشنى توغرا قىلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا سىز بالىڭىزغا بىر ئىشنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، بالىڭىزنى داۋاملىق كۆزىتىپ، ئۇ ئاشۇ ئىشنى توغرا قىلىدىغان بولدىمۇ-يوق تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. ئەگەر ئۇ ئىشلار تېخى پۈتۈنلەي ئىزىغا چۈشۈپ بولالمىغان بولسا، بالىڭىزغا داۋاملىق تەربىيە قىلىڭ. ھەرگىزمۇ بالىڭىزنىڭ ئوخشاش خاتالىقنى تەكرارلىشىغا يول قويماڭ. ئەگەر بالىڭىز سىز بۇرۇن ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىپ بولغان بىر ئىشنى يەنە خاتا قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىشنى ئېيتىڭ. بالىلار ئۇنچىۋالا گەپ ئاڭلىماس كەلمەيدۇ. ئەگەر سىز بۇرۇن بالىڭىزغا توغرا تەربىيە قىلماي، بالىڭىزنىڭ پوقىنى قاتۇرۇپ قويمىغانلا بولسىڭىز، بالىڭىز گېپىڭىزنى چوقۇم ئاڭلايدۇ. بالىلاردىكى ئەسكى ئادەتلەر ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا گەپ قىلماسلىقى، ۋە ئۆز ۋاقتىدا تەربىيە قىلماسلىقى تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەگەر بالىغا بىر ئىشنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەنە ئاشۇ ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزىدىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ ساغرىسىغا ئۇرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن بولىدۇ. ئەمما، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئەگەر شۇنداق قىلىشتىن باشقا ئامالىڭىز يوق بولۇپ قالمىسا، ھەرگىزمۇ بالىڭىزنى ئۇرماڭ. ئەگەر بالىڭىزنى داۋاملىق ئۇرۇپ تۇرىدىكەنسىز، بالىڭىز ئۇنىڭغا كۆنۈپ قېلىپ، بالىڭىزنىڭ تېرىسى قېلىنلىشىپ، ئۇنىڭغا تاياقمۇ ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بارا-بارا تاياقتىنمۇ قورقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بالىنى ئۇرۇشتا ئاتا-ئانىلار چوقۇم ئەقىلنى ئوبدان ئىشقا سېلىشى كېرەك. ھەرگىزمۇ بالىنى ئاچچىقىڭىز كەلگەندە ئۇرماڭ. بەزى ئاتا-ئانىلار ئاچچىقى كەلگەن ھامان بالىسىنى ئۇرىدۇ، بالىنى قالايمىقان ۋە سەۋەبسىز ئۇرىدۇ. بۇ بالىغا رەھىمسىزلىك قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بالىڭىزنى ئۇرمىسىڭىز بولمايدىغان يەرگە كەلگەندە، ئۇرۇشتىن باشقا چوقۇم يەنە بالىڭىز بىلەن پاراڭلىشىڭ. بالىڭىزغا قىلغان ئىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چوقۇم ياخشى چۈشەندۈرۈڭ. بالىنىڭ قىلغىنى بىر خاتا ئىش ئىكەنلىكىنى، سىز ئۇنى بۇ ھەقتە بۇرۇن كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغانلىقىڭىزنى، ئەمما ئۇنىڭ ئوخشاش خاتالىقنى تەكرارلىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئوبدان چۈشەندۈرۈڭ. بالىڭىزغا قىلغان ئىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، بۇ قېتىم يەنە ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلغانلىقىنى ئېيتىڭ. چوقۇم بالىڭىز ئۆز كۆڭلىدە قىلغان ئىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بىر ھالەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈڭ. بالىڭىزنىڭ بۇ قېتىم ئاشۇ بىر ئىشنى خاتا قىلغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ جازالانغانلىقى، سىزنىڭ ئۇنى مۇشۇنداق جازالاشتىكى مەقسىتىڭىز ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بۇنىڭدىن كېيىن ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاشۇنداق خاتالىقنى قايتا ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بالىڭىزغا تولۇق بىلدۈرۈڭ.

بالىڭىز يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توختىغاندا، تەبىئىي ھالدا ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان

بولىدۇ. بالىڭىزغا چوقۇم «ياخشىلىقتا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق» كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىڭ. يەنى، خۇددى خاتا ئىش قىلغاندا بالىڭىز جازاغا ئۇچرىغانغا ئوخشاش، بالىڭىز ياخشى ئىشلارنى قىلغاندا، ئۇلار چوقۇم بىر ئاز مۇكاپاتقا ئېرىشىشى كېرەك. شۇڭا بالىڭىز ياخشى ئىشلارنى قىلغاندا، چوقۇم ئۇنى بالىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىرەر بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاڭ. بالىڭىزنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە ھەرگىزمۇ بىخۇدلۇق قىلىپ پەرۋاسىز يۈرمەڭ. بالىڭىزنىڭ ياخشى سۆز-ھەرىكىتىنى چوقۇم ماختاڭ ۋە مەدھىيەلەڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يامان سۆز-ھەرىكەتلىرىنى چوقۇم تەنقىدلەڭ. بۇ بالا تەربىيەسىدىكى بىر ئىنتايىن مۇھىم پرىنسىپ. بالىڭىزغا قايتا-قايتا ئۆگىتىش بالىڭىزنى بىر ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى. بۇ ھەقىقەتكە ھەممە ئاتا-ئانىلار چوقۇم تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

## 5. بالا ئاتا-ئانىسىنى دورايدۇ

بالا تەربىيەسىدە يالغۇز گەپكىلا تايانسىڭىز يېتەرلىك بولمايدۇ. گېپىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك. ھەممە ئاتا-ئانىلار شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ئاتا-ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن بىر تەبىئىي ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر ئائىلىدىكى بالا ھەممە ئىشلاردا ئاتا-ئانىسىدىن دورايدۇ. ئەگەر بىر بالا دادىسىغا يېقىنراق بولىدىكەن، ئۇ دادىسىنى بەكرەك دورايدۇ. ئەگەر بىر بالا ئانىسىغا يېقىنراق بولىدىكەن، ئۇ ئانىسىنى بەكرەك دورايدۇ. يەنى، بالا ئاتا-ئانىسىغا ئاسسىمىلياتسىيە بولىدۇ. بۇنداق ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش جەريانى كۆپ قېتىم تەكرارلىنىپ، بالىنىڭ كۆڭلىدە ئاتا-ئانىسىنى ئۈلگە قىلغان ئاساستا يېڭى ئادەتلەر شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا كۆپ جەھەتلەردە ئاتا-ئانىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ئالدىدا سۆز ۋە ئىش قىلغاندا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. يەنى، سىزنىڭ بالىڭىز خۇددى بىر كامېراغا ئوخشاش بولۇپ، سىز قىلغان ھەر بىر سۆز ۋە ھەر بىر ئىشنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىن ئىبارەت لېنتىغا ئېلىۋالىدۇ. شۇڭا بالىڭىزنىڭ ئالدىدا ھەرگىزمۇ يامان خىياللاردا بولماڭ، ھەمدە يامان سۆز ۋە يامان ئىشلارنى قىلماڭ. ئۇلار پەقەت سىزنىڭ ياخشى ئىشلىرىڭىزنىلا كۆرسۇن، ۋە ياخشى سۆزلىرىڭىزنىلا ئاڭلىسۇن.

ئاشۇنداق بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بىر ئائىلىدىكى ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر مۇنتىزىم تۇرمۇش ئورنىتىشى، ۋە ئۇنىڭغا ھەر دائىم قاتتىق ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ ھەرگىزمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلماسلىق. ئەگەر بىر ئائىلىدىكى لىدېرلىق (ياكى باشلامچىلىق) ئورنىدا تۇرىدىغان كىشى ياخشى ياشايدىكەن، بالا ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز قىلغان ھەر بىر ئىش بالىڭىز ئۈچۈن بىر ئۈلگە بولۇپ، ئۇ بالىڭىزنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 6. ئەتراپتىكىلەرنىڭ تەسىرى

بالىنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىمۇ بالىدا قانداق بىر روھىي ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئاتا-ئانىلار بالا ياشاۋاتقان مۇھىت ئىچىدىكى ئورۇنلارغا، كىشىلەرگە، ۋە ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى،

بالىسىنىڭ يامان ئورۇن، يامان ئادەم ۋە يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك.

ئىلاۋە: ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن ئاق تەنلىكلەر بالىسى ئاخشىمى بىرەر ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولغاندا، بالىسىدىن ئۇنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېلىپ، ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ، ساۋاقدىشىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ئۆز ئۆيىدە ھەقىقەتەنمۇ بىرەر يىغىلىشنىڭ بار-يوقلۇقى، ئۇ يىغىلىشقا ئۆيدىكى چوڭلارنىڭ نازارەتچىلىك قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئاندىن بالىسىغا بېرىش-بارماسلىق توغرىسىدا قارار چىقىرىپ بېرىدۇ. بېرىشقا رۇخسەت قىلغان تەقدىردىمۇ، «چوقۇم سائەت مانچىدىن بۇرۇن قايتىپ كېلىسەن»، دەپ بەلگىلەپ بېرىدۇ.

بالىڭىزنىڭ يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويماڭ. بالىڭىز يامان ئىشلارغا يېقىن يۈرىدىكەن، ئۇ ئاشۇ يامان ئىشلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر بالىڭىز بىرەر يامان ئىشلارغا يولۇقىدىكەن، ئۇ بىر بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىشنىڭ قانچىلىك يامان ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئاڭقىرىيالمايدۇ. شۇڭلاشقا بالىڭىزغا قانداق ئىشلارنىڭ يامان ئىشلار ئىكەنلىكى ۋە قانداق ئادەملەرنىڭ يامان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەندۈرۈپ قويۇش سىزگە ئوخشاش ئاتا-ئانا بولغان كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى. ئۆزىڭىز تولۇق چۈشەنمەيدىغان بىر نەرسىنى بالىڭىزنىڭ بايقىۋېلىشىغا ياكى قوبۇل قىلىۋېلىشىغا ھەرگىزمۇ يول قويماڭ. ياخشى نەرسىلەرنىمۇ بالىڭىزغا تەلتۆكۈس چۈشەندۈرۈپ مېڭىڭ. ئاتا-ئانىلار يالغۇز بالا باققۇچىلا ئەمەس. ئۇلار ھەم بالىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. شۇڭا سىز مۇشۇنداق بۇرچىڭىزنى ھەر ۋاقىت ئادا قىلىپ تۇرۇڭ.

## 7. بالىنىڭ تەلەپلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش

بالىڭىز داۋاملىق سىزدىن ئۇنى-بۇنى تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بالىڭىز بازاردا بىر شارنى كۆرسە، ئۇ سىزدىن ئۆزىگە ئاشۇ شارنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىز قانداق قىلىشىڭىز كېرەك؟ ئۇنداق شارنىڭ ھېچ قانداق قىممىتى يوق، شۇڭا سىز ئۇ شارنى ئېلىپ بەرمەسلىكىڭىز كېرەك. سىز بالىڭىزغا ئۇ شارنىڭ ھېچ بىر قىممىتى يوقلۇقىنى، شۇڭا ئۇنى سېتىۋېلىش پۇل ئىسراپچىلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك. ھەرگىزمۇ قىممىتى يوق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئىشىدا بالىڭىزنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولماڭ. كوچىلاردا سېتىلىۋاتقان يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە پاكىز ئەمەس نەرسىلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلاردا باكتېرىيەلەر بار. شۇڭلاشقا مۇشۇ ئەھۋالنى بالىڭىزغا چۈشەندۈرۈڭ. بالىڭىزغا ئۇ نەرسىلەرنى يېسە قورسىقى ئاغرىپ قالىدىغانلىقىنى، ۋە چىشىنى قۇرت يەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئوكۇل ئۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئوكۇل ئۇرسا ئاغرىيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈڭ. بۇ گەپلەرنى بالىڭىزغا بىر ئاماللارنى قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، بالىڭىزنى ھېلىقىدەك نەرسىلەرنى يېيىش زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز بالىڭىز ئۇنداق نەرسىلەرنى ئىككىنچى تەلەپ قىلمايدىغان بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى باشقا ئىشلاردا قوللانسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەلۇم بىر ئىشتا بالىڭىز بىلەن بىر ئورتاق چۈشەنچە ھاسىل قىلسىڭىز، بالىڭىز ئۇ ئىشتا سىزنى ئىككىنچى ئاۋارە

قىلمايدۇ. مانا بۇ بالىغا توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ بىر ئۇسۇلى.

## 8. چوڭ ـ ئاپا ۋە چوڭ ـ دادىلارنىڭ بالىغا توغرا كۆيۈنۈشى

ئەگەر ئائىلىدىكى چوڭلار بالىغا قانداق قىلغاندا توغرا كۆيگەنلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىكەن، ئۇلار ئاتا ـ ئانىلارغا قارىغاندا بالىنى بەكرەك بۇزۇۋېتىدۇ. چوڭ ـ ئاپا ۋە چوڭ ـ دادىلار نەۋرىسىگە بەك كۆيىدۇ. بەزىلىرى نەۋرىلىرىگە ئۆز بالىسىدىنمۇ بەكرەك كۆيىدۇ. نەۋرىلەر تېخى كىچىك بولغاچقا، چوڭلار ئۇلارنى بەكرەك ئەركىلىتىدۇ. ئەمما چېكىدىن ئاشقان كۆيۈنۈش بەزىدە چوڭلارنىڭ ئۆز ئەقىللىرىنى توغرا ئىشلىتەلمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار توغرا ـ خاتانى پەرق ئەتمەيدۇ، ھەمدە بالىنىڭ رايىغا بەكرەك باقىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن نەۋرىسى قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى سۆيۈملۈك، ئوماق ۋە توغرا تۇيۇلىدۇ. ئۇلار بىرەر سەۋەب تېپىپ نەۋرىسى قىلغان ھەممە ئىشلارغا يول قويىدۇ. بالا بولسا چوڭلارنىڭ ئۆزىنى ناھايىتىمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. بالا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. بالا ھەر قېتىم ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەندە، دەرھال چوڭلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلاردىن پاناھلىق تىلەيدۇ. چوڭلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە ئىللىق مۇئامىلىسىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ھېچكىم چېقىلالمايدىغان بىرسىگە ئايلىنىدۇ. بالا بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن ئەيىبلەنسە، چوڭلار ئارىلىشىپ، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا «بالا تېخى كىچىك، ئۇ تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئۆتكۈزگەن خاتالىقى چوڭ ئىش ئەمەس، چوڭ بولغاندا ئۆگىنىلىپ كېتىدۇ»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن چوڭلار بالىنى بۇزىدۇ.



2 ـ رەسىم: چوڭ ـ دادا ۋە بىر نەۋرە

چوڭلار بالىغا قانچىلىك كۆيسە بولۇۋېرىدۇ. بۇنى ھېچكىم توسمايدۇ. ئەمما چوڭلارمۇ بالىغا توغرا كۆيۈشى كېرەك. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا يارەملىشىپ، بالىنىڭ بىر ياخشى ئادەم بولۇشىغا كۈچ چىقىرىشى كېرەك. نەۋرىسىنىڭ بىر يامان ئادەم بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەن، بالا چوڭ بولغاندا، ئۆزىنىڭ بىر يامان ئادەم بولۇپ قېلىشىغا چوڭ-دادا ۋە چوڭ-ئاپىلىرىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. چوڭلارنىڭ نەۋرىسىنى بىر يامان ئادەم قىلىپ تەربىيەلىشى بىر خىل گۇناھتۇر. نۇرغۇن چوڭلار بۇ خىل گۇناھنى ئۆزلىرى بىلمەي تۇرۇپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەۋرىلەرگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ.

بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا ياخشى ئادەملەر بار، يامان ئادەملەرمۇ بار. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كۆپىنچە ئەھۋالدا ئاتا-ئانىلار سەۋەبچى بولغان. ئاتا-ئانىلار بالىنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزىدۇ، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىدۇ، ھەمدە ئۇنى ياكى ياخشى ئادەم قىلىدۇ، ياكى يامان ئادەم قىلىدۇ. ئەگەر بىز بىر يامان ئادەمنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەر خىل يامان تەسىرلەرنىڭ ئىچىدە چوڭ بولغانلىقىنى بايقايمىز. ئەگەر بىز بىر ياخشى ئادەمنى ئۇچراتساق، ئۇ ئادەمنىڭ بىر ياخشى ئاتا-ئانا تەرىپىدىن ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى شۇ ۋاقىتتىلا بىلەلەيمىز. ھەر بىر يېمىش دەرەختىن يەرگە چۈشكەندە، ئۇ شۇ يېمىشنى ئۆستۈرگەن دەرەختىن ئانچە يىراق يەرگە بارالمايدۇ. بۇ بىر ياخشى ئوخشىتىش بولۇپ، ئۇ ئىنسان بالىسى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. بىر هاراقكەشنىڭ بالىسى چوڭ بولغاندا هاراق ئىچىدىغان ئادەملەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىدىغان بولىدۇ. بىر قىمارۋازنىڭ بالىسى چوڭ بولغاندا بىر قىمارخانىغا يېقىن يەردىن ئۆي تۇتىدۇ. زىناغا ئامراق بىر ئەرنىڭ ئوغلى چوڭ بولغاندا خۇددى دادىسىغا ئوخشاش زىناغا ئامراق بولىدۇ. بىز ھەممىمىز ئۆز ھوسۇلىمىزنى ئۆز ئائىلىمىزدىن يىغىمىز، ۋە ئۆزىمىزنىڭ مىراسىنى ئۆز ئائىلىمىزدىن قوبۇل قىلىمىز. شۇڭلاشقا بالىنى بىر ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتى پەقەت ئاتا-ئانىلارغىلا يۈكلەنگەن بولىدۇ.

## 9. بىر داڭلىق زاتنىڭ بالا تەربىيەسى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

بالا تەربىيەسى ھەققىدە يەنە بىر داڭلىق زات ئېيتقان مۇھىم گەپلەر بار بولۇپ، ئۇ گەپلەر يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەن ئەسلىدە ئۇنى بىر ئايرىم تېما قىلىپ يوللاشنى پىلانلاپ كەلگەن ئىدىم. لېكىن، مەن تەييارلىغان مەزكۇر يازمىنىڭ 1-قىسمى تورلارغا يوللىنىپ بىر كۈن بولمايلا، بىر قانچە تور بەتلەردىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتتى. گەرچە مەن ھازىر تور بەت باشقۇرغۇچىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋاللارنى ئازراق چۈشىنىپ، يازىدىغان مەزمۇن ھەققىدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئېھتىياتچان بولۇۋاتقان بولساممۇ، يەنە ئاشۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىققىنىدىكى سەۋەبنى تولۇق بىلىپ يېتەلمىدىم. ئۇنىڭغا سوراپ جاۋابمۇ ئالالمىدىم. ئەمما ئۇنىڭ چوقۇم بىر ھەقلىق سەۋەبى بارلىقىغا ئىشىنىمەن. ھازىرقى مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، مەن بۇ داڭلىق ئەربابنىڭ گەپلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىلا ماقالىنىڭ مۇشۇ يېرىگە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىمەن. مەن ئوقۇرمەنلەردىن ھازىرچە بۇ داڭلىق ئەربابنىڭ كىملىكىنى سورىماي تۇرۇشىنى، ھەمدە مېنى «ئۇ كىشىگە ھۆرمەت قىلماپتۇ، گەپلىرىنى تولۇق ئالماپتۇ»، دېمەي تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى. ئەمما ياخشى مەزمۇنلارنى

ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرى بولۇپ قالدىم.

پەرزەنتلەر ھاياتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سوۋغىسى. ھاياتنى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ تاتلىق قىلىدىغان نەرسىدىن ئىككىسى بار. ئۇ بولسىمۇ پۇل بىلەن پەرزەنتلەر بولۇپ، ياراتقۇچىمىز ھەممە ئىنسانلارنى مۇشۇ ئىككى نەرسە بىلەن مۇكاپاتلىغان. شۇڭلاشقا پەرزەنتلىك بولۇش ھەر بىر ئىنساننىڭ تەبىئىي ئىستىكى بولۇپ، ئىنسانلار يارىتىلغاندىلا ئاشۇنداق ئىستەك ئۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ قويۇلغان.

بالىنى ياخشى تەربىيەلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بىر ياخشى ئۈلگە بولۇپ بېرىشىدىن ئىبارەت. ئەگەر سىز بىر ئاتا ياكى بىر ئانا بولۇپ، ئۆزىڭىز ياخشى كىشىلىك خاراكتېرلەرگە ئىگە بولمايدىكەنسىز، بالىڭىزنىڭ ياخشى كىشىلىك خاراكتېرلەرگە ئىگە بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ھازىرقى ھەقىقىي رېئاللىقتۇر. كىشىلەر ھە دېسىلا بالىسىنىڭ ياخشى كىشىلىك خاراكتېرلەر بىلەن چوڭ بولمايۋاتقانلىقىنى ھەر خىل تاراتقۇلار تارقىتىۋاتقان يامان ئۈچۈرلاردىن كۆرىدۇ. تېلېۋىزوردىن كۆرىدۇ. ئىنتېرنېتتىن كۆرىدۇ. جەمئىيەتتىن كۆرىدۇ. ئەمما، بۇزۇلغان ئائىلە، قالايمىقانلاشقان ئائىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى 1 ـ چوڭ سەۋەب ئاتا ـ ئانىلاردىن ئىبارەت. سىز گۇناھنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ئەينەككە بىر قېتىم ئوبدان قاراپ بېقىڭ. ھەر بىر بۇزۇلغان ئائىلە، ھەر بىر بۇزۇلغان ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى گۇناھكار كىشى ئەينەككە قاراۋاتقان ئاشۇ كىشى ئۆزىدۇر. يەنى، سىز ئۆزىڭىزدۇر. ئەگەر سىز قىزىڭىز ياكى ئوغلىڭىز ئۈچۈن بىر ياخشى ئۈلگە بولۇپ بېرەلمىگەن بولسىڭىز، ئەگەر سىز بالىڭىزدىن كۈتكەن غايە، ئۈمىدلەرنى ئۆزىڭىز ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولسىڭىز، سىز قانداق قىلىپ ئۇ غايە، ئۇ ئۈمىد، ئۇ ئىدىيەلەر ھەققىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى بالىڭىزغا ئارتىپ قويالايسىز؟

بالىغا ئۈلگە بولۇش «ئالتۇن قائىدە» بويىچە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ: باشقىلاردىن تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن سىز ئۆزىڭىز قىلىڭ (ئەسكەرتىش: «ئالتۇن قائىدە» ھەققىدە مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ئىككى ماقالىسىدە توختالغان. ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ئۇ مەزمۇننى مەن مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىغا يەنە قىستۇرۇپ قويدۇم). بالىغا ئۈلگە بولۇشنىڭ ئىككى ئېلېمېنتى بار. ئۇنىڭ بىرسى «دۇنيالىق» ئېلېمېنتى. يەنە بىرى بولسا «روھىي» ياكى دىنىي ئېلېمېنتى. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەر ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان:

ـ ـ دادىسى ياكى ئاپىسى تاماكا چېكىدىغان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بالىنىڭ تاماكا چېكىدىغان بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ ئۈستۈن بولىدۇ.

ـ ـ دادىسى ئاپىسىنى ئۇرىدىغان ئۆيدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئوغۇل بالا چوڭ بولغاندا ئۇمۇ خوتۇنىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ئەھۋاللارنى چۈشىنىۋېلىش بىر يۇقىرى سەۋىيەلىك بىلىم ياكى «راكېتا ئىلمى» نى تەلەپ قىلمايدۇ. سىز ھازىر ئاتا ـ ئانا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۆيدە نېمە ئىشلارنى قىلسىڭىز، بالىڭىز چوڭ بولغاندا ئاشۇ ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ رېئاللىق. بۇ پسىخولوگىيە ئىلمىدىكى بىر پاكىت.

ئەگەر سىز بىر دادا بولۇپ، ھازىر ئايالىڭىزنى خارلاپ ياكى ئۇرۇپ تۇرسىڭىز، ئوغلىڭىز چوڭ

بولغاندا ئۇمۇ ئايالىنى خارلاپ ۋە ئۇرۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالسا، سىز گۇناھنى ئوغلىڭىزدىن كۆرەمسىز؟ سىزنىڭ قىزىڭىز ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ئايالىنى خارلاپ ياكى ئۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ئەرگە تېگىشىنى خالامسىز؟ ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ: سىزنىڭ قىزىڭىز چوڭ بولغاندا سىز ئايالىڭىزغا تۇتقان مۇئامىلە بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىگە يولۇقۇشىنى خالامسىز؟ مۇناسىۋەت ئائىلىدە باشلىنىدۇ. بالىڭىزنى ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىز بىر ياخشى ئەر ياكى ياخشى ئايال بولۇشىڭىز كېرەك. بالىڭىزنى ئەدەپلىك ۋە باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىز ئەدەپلىك بولۇشىڭىز، ۋە باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىشىڭىز كېرەك.

بىز ھازىر ياشاۋاتقان دەۋر، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ياشىغان دەۋر، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت بىلەن تۇپتىن ئوخشىمايدۇ. سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئۇسۇللار ئەمدى سىزنىڭ ئۆز بالىلىرىڭىزغا يۈزدەيۈز ماس كېلىپ كەتمەيدۇ. سىزنىڭ بالىلىرىڭىز ئۈچۈن ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ھازىرقى رېئاللىق بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۆزگەرگىنى يالغۇز ۋاقىتلا ئەمەس. ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ۋاقىتتىكى ئۇسۇللارنى سىز ئەمدى تەكرار قوللىنالمايسىز. شۇڭلاشقا سىزنىڭ بالىڭىز ئەمەس، سىز ئۆزىڭىز يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك. بالىڭىزنىڭ ھازىرقى دەۋردە ۋە مۇشۇ جەمئىيەتكە تۇغۇلۇپ قېلىشىدا ئۇنىڭ ھېچ بىر گۇناھى يوق، بۇنىڭغا سەۋەبچى بولغان سىز. بالىڭىزنىڭ مۇشۇ دەۋردە ۋە مۇشۇ جەمئىيەت ئىچىگە تۆرىلىشىنى سىز ئۆزىڭىز كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەمدى بالىڭىز مۇشۇ جەمئىيەت ئىچىدىكى ئۇ ۋە بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىۋالسا، سىز گۇناھنى يەنە بالىڭىزغا قويامسىز؟ ھازىر بالىڭىزنى قورشاپ تۇرغان مەدەنىيەت سىزنىڭ مەدەنىيىتىڭىز ئەمەس، بالىڭىزنىڭ مەدەنىيىتى. شۇڭلاشقا بالىڭىز ئەمەس، سىز ئۆزىڭىز كۆپرەك ئۆگىنىشىڭىز كېرەك. سىز بالا تەربىيەلەشتىكى بىر ئۈنۈملۈك ئاتا ياكى ئۈنۈملۈك ئانا بولۇش ئۈچۈن، سىز ئۆز بىلىمىڭىزنى كېڭەيتىشىڭىز كېرەك. بالىڭىز بىلەن بىر يېڭى تىپتىكى مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشىڭىز كېرەك.

مېدىيالار، تېلېۋىزورلار ۋە ئىنتېرنېتلارنىڭ بالىلارغا بىر قىسىم يامان تەسىرلەرنى يۇقتۇرىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئۇ بىر رېئاللىق بولۇپ، ئۇنى سىز ئۆزگەرتەلمەيسىز. مەنمۇ ئۆزگەرتەلمەيمەن. بۇ يەردىكى گەپ ئۇلار توغرىسىدا ئەمەس. بىزنىڭ ئۆزگەرتەلەيدىغىنىمىز، بىزنىڭ ئۆزىي ئىچىدە قانداق قىلىدىغانلىقىمىزدۇر. مېدىيالار، تېلېۋىزورلار ۋە ئىنتېرنېتلار نېمىلەرنى تارقىتىدۇ، بىز ئۇنى كونترول قىلالمايمىز. ئەمما بىز ئۆيگە قانداق ئۇچۇرلارنى كىرگۈزىمىز، بالىمىزنى قانداق ئۇچۇرلار بىلەن ئۇچراشتۇرىمىز، دېگەننى كونترول قىلالايمىز. شۇڭلاشقا باشقىلارنى ئەيىبلەش، گۇناھنى باشقىلارغا قويۇشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىڭىزدىن «ھازىرقى ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن مەن ئۆزۈم قايسى ئىشلارنى قىلالايمەن؟» دەپ سوراپ بېقىڭ. ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنىڭ ئىچىدە ناچار نەرسىلەر ھەقىقەتەنمۇ بار، ئىنتېرنېتتا ناچار نەرسىلەر ھەقىقەتەنمۇ كۆپ. ئەمما ئۇ ئىشلاردىن ئاغرىنىشنىڭ ئورنىغا، سىز ئۆزىڭىزدىن «مەن ئۆزۈم ئوغلۇم ياكى قىزىمنى ياخشىراق قوغداش ئۈچۈن قايسى ئىشلارنى قىلالايمەن؟» دەپ سوراپ بېقىڭ. پاسسىپ ھالدا باشقىلاردىن ياكى باشقا نەرسىلەردىن ئاغرىنىپ ئولتۇرماي، سىز ئۆزىڭىز ئاكتىپ ھالدا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى ئامالىنى تېپىڭ.

بىزنىڭ بىر قىسىم بالىلىرىمىز ھازىر يېڭى تېخنولوگىيەگە ئائىت ئىشلاردا بىزگە قارىغاندا

بەكرەك بىلىملىك كېلىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ بىر 10 ياشلىق ئوغلىڭىز بار بولۇپ، ئۇ كومپيۇتېرنى سىزدىن ياخشىراق بىلسە، بازاردىكى يېڭى تېخنولوگىيە ماللىرىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى سىزدىن ياخشىراق بىلسە، ئۇ 10 ياشلىق ئوغلىڭىزنىڭ «هايات، مەدەنىيەت، ئادەملەر، تېخنولوگىيە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىنى مەن دادامدىن ياخشىراق بىلىمەن» دەپ ئويلىشى بىر تەبىئىي ئەھۋال ئەمەسمۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنى ئاشۇ 10 ياشلىق ئوغلىڭىزنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ ئويلاپ بېقىڭ. هازىر تېلېۋىزورلاردىمۇ ئاتا ـ ئانىلارنى بالىلىرىدىن كېيىن قالغاندەك كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللار ھەقىقەتەن بار. شۇنداقتىمۇ سىز باشقىلاردىنلا ئاغرىنىپ يۈرمەي، گۇناھنى بالىڭىزغىلا قويۇپ يۈرمەي، بالىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ئازراق كۈچ چىقىرىپ بېقىڭ. بالىڭىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئويلىشى، بەزى ئىشلاردا ئۆزىنى سىزدىن ئۈستۈن قويۇشى، ھەرگىزمۇ بالىڭىزنىڭ گۇناھى ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بالىڭىزنى توغرا تەربىيەلەش، بالىڭىزنى توغرا يېتەكلەش سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز. بالىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ھەممە ئىشنى بىلمەيدۇ. گەرچە بالىڭىز كومپيۇتېر ۋە يانفوننىڭ ئىشلىرىنى سىزدىن ياخشىراق بىلسىمۇ، ئۇ تېخى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ياخشى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ تېخى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىلمەيدۇ. ئىنسان تەبىئىتىنى ئۇ تېخى سىزدەك سىناپ باققان ئەمەس. ئۇ تېخى باشقا كىشىلەر بىلەن سىز ياشىغاندەك ياشاپ باققان ئەمەس. شۇڭلاشقا بىر يۇمشاق ئۇسۇلدا بالىڭىزغا تەربىيە قىلىش سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز.

غەربتە «سىز بالىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى بولۇڭ» دەيدىغان بىر گەپ بار. ئۇنداق قىلىش بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن ئانچە ئاسانغا توختىماسلىقى مۇمكىن. ئەمما سىز ھېچ بولمىغاندا ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى بىلەن ئۇنى ئەيىبلەش، ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىشتىن باشقا نورمال سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئۆگىنەلىشىڭىز مۇمكىن. سىز داۋاملىق بالىڭىزنى ئەيىبلەپلا يۈرمەي، چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىر نورمال يوسۇندا سۆزلىشەلەيدىغان بولۇشىڭىز كېرەك.

هازىر ئۆزىڭىزنىڭ بالىڭىز ھەققىدە تۇتقان يولىنىمۇ بىر ئاز تەكشۈرۈپ بېقىڭ: سىز داۋاملىق بالىڭىزغا «مانى قىل، ئانى قىل، بۇنى نېمىشقا قىلدىڭ؟» دەپلا يۈرۈۋاتامسىز؟ ئەگەر سىزنىڭ ئوغلىڭىز ياكى قىزىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز هازىر مانا مۇشۇنداق بولۇۋاتقان بولسا، سىز ئۆزىڭىزنى بىر مەغلۇبىيەتكە تەييارلاپ قويغان بولىسىز. سىزنىڭ ئۆز بالىڭىز بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر نورمال هالدا پاراڭلىشىپ باققان ۋاقتىڭىز قاچان؟ ئاخىرقى قېتىم بالىڭىز بىلەن ئۇنى ئەيىبلىمەي، ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلماي ۋە ئۇنىڭغا تەنە قىلماي تۇرۇپ سۆزلىشىپ باققان ۋاقتىڭىز قاچان؟

ھەقىقەتەنمۇ بەزىدە بالىڭىزغا ئازراق قاتتىق تەگمىسىڭىز بولمايدۇ. ئەمما، ئەگەر سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن قىلىدىغان ئىشىڭىزنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىش بولسا، ئۇنىڭ سىزگە تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى قانداق بولماقچى؟ بولۇپمۇ بالىڭىز ئون نەچچە ياشقا كىرىپ، ئازراق ئۆز ئەركىنلىكىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇئامىلىسى قانداق بولماقچى؟ بەلكىم سىزنىڭ مەدەنىيىتىڭىزدە سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن «دوست» بولۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەستۇ، ئەمما، ھېچ بولمىغاندا سىز بالىڭىزغا «دوستلۇق» نامايان قىلىڭ. سىزنىڭ بالىڭىز بىلەن ئەيىبلەش ۋە ئاچچىقلىنىشتىن باشقا بىر قىسىم ئىجابىي مۇناسىۋىتىڭىزمۇ بار بولسۇن. بالىڭىزغا «ئىشلىرىڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ مەكتەپتە نېمىلەرنى ئۆگىنىۋاتىسەن؟» دەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىپ تۇرۇڭ. بالىڭىز بىلەن بىر قىسىم ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى بىللە قىلىپ تۇرۇڭ.

ئالدىنقى ئەۋلادنىڭ بوگونكى ئەۋلادلار بىلەن بولغان بىر چوڭ پەرقى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بىزنىڭ دادىمىز بىلەن بىللە ۋاسكېتبول ياكى پۇتبول ئويناپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۇلارغا قارىتىلغان تەنقىد ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋاللار ئۇ چاغلاردا بىر خىل نورمال ئىش ئىدى. ئەمما بوگونكى كۇندە، بوگونكى جەمئىيەتتە سىزنىڭ ئۆز ئوغلىڭىز ياكى ئۆز قىزىڭىز بىلەن مەلۇم بىر دوستانە مۇناسىۋىتىڭىز بار بولۇشى كېرەك.

ئەگەر ئوغلىڭىز ياكى قىزىڭىز ئۆزى يولۇققان بىر مەسىلە ئۈستىدە ياكى ئۆزى ئۆتكۈزگەن بىرەر خاتالىق ئۈستىدە ئالدىڭىزغا كېلىپ، سىز بىلەن پاراڭلىشىشقا نىسبەتەن بىر خىل راھەتسىزلىك ھېس قىلىدىكەن، بۇ بىر چوڭ مەسىلە بولىدۇ. ھەممە ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. سىزمۇ ياش ۋاقتىڭىزدا ھەر خىل خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ باققان. شۇڭلاشقا سىزنىڭ بالىڭىزمۇ چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ بالىڭىز بىر قېتىم بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇپ، ئاشۇ خاتالىقنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن سىزنى ئىزدەپ كەلمەيدىكەن، ئۇنداقتا سىز قانداقمۇ بىر ياخشى ئاتا-ئانا بولالايسىز؟ سىز ئۆزىڭىز بىلەن بالىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى «خەۋەرلىشىش يولى» نىڭ ئىشىكىنى ھەر ۋاقىت ئوچۇق ساقلىشىڭىز كېرەك. بالىڭىز ئون نەچچە ياشقا كىرىپ، يات جىنىستىكىلەرگە قىزىقىدىغان بولۇپ قېلىپ، ھەمدە ئەتراپىدىكى چېكىملىك ۋە زىنا ئىشلىرىنى كۆرۈپ، بۇنداق ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەت سوراپ سىزنى ئىزدىمەيدىكەن، ئۇ چوقۇم باشقا ئون نەچچە ياشلىق باللارنى ئىزدەيدۇ. ئىنتېرنېتنى ئىزدەيدۇ. باشقا يەرلەرنى ئىزدەيدۇ. بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز بىز بىلەن بۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىرەر قېتىممۇ پاراڭلىشىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بوگونكى دەۋردە ياشاۋاتقان بىز ئۇ ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرساق بولمايدۇ. ئۇ ئىشلار ھەققىدە بالىمىز بىلەن بىۋاستە ۋە ئوچۇق-ئاشكارا پاراڭلاشمىساق بولمايدۇ. سىز بالىڭىزغا بۇنداق گەپلەرنى دېيىشتىن بۇرۇن بالىڭىز ئۇ ئىشلارنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ سىز ھېچ بولمىغاندا بالىڭىز بىلەن مۇشۇنداق پاراڭلارنى قىلىشالايدىغان ئىشىكنى ئېچىپ قويۇڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز، بالىڭىز بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا سىزنى ئىزدىمەيدىغان، سىزدىن ياردەم سورىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر سىز بىر ئانا بولسىڭىز، قىزىڭىز بىلەن ھازىرقى دۇنيا ھەققىدە پاراڭلىشىپ تۇرۇڭ. قىزىڭىزغا «ئەگەر بىرەر ئىشتا ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولساڭ، ياردەم قىلىشقا مەن ھەر ۋاقىت تەييار»، «بىرەر ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالساڭ، ئالدى بىلەن مېنى ئىزدە، مەن چوقۇم ساڭا ياردەم قىلىمەن»، دەپ تۇرۇڭ. مۇشۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك بايانلارنى قىلىپ تۇرۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ۋاقتى كەلگەندە قىزىڭىز سىزنى ئىزدەيدىغان، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىدىغان بولىدۇ.

بالا تەربىيەسىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەنئەت شۇكى، بالىڭىز ئون نەچچە ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭغا بىر كىچىك بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشنى توختىتىڭ. بەزى دىنلاردا 13، 14 ياكى ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ 15 ياشقا كىرگەن باللار بويىغا يەتكەن چوڭلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلاردا ساقلىنىۋاتقان بىر مەسىلە شۇكى، گەرچە ئۇلارنىڭ بالىسىنىڭ يېشى 13 ياشتىن ئېشىپ، ئەقىل ۋە بىيولوگىيە جەھەتتىن ئۇلار بىر چوڭ ئادەمگە ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ، بۇ ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا يەنىلا بىر كىچىك بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. سىز 13 ياشقا كىرگەن بالىڭىزغا چوقۇم بىر چوڭ كىشىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىڭ. چۈنكى، بالىڭىز بۇ يېشىدا ھەقىقەتەنمۇ بىر چوڭ ئادەم. بالىڭىز ئاشۇنداق ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭغا چوقۇم بىر

قىسىم مەسئۇلىيەتلەرنى بېرىڭ. بالىڭىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تەدرىجىي ھالدا ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ئازراقتىن ـ ئازراقتىن سىناڭ. بالىڭىزغا ئازراق پۇل بېرىپ، بازاردىن ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇڭ، ھەمدە ئۇنىڭ توغرا نەرسىلەرنى سېتىپ ئالالىغان ـ ئالالمىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. خاتا قىلغان ئىشلىرى بولسا تۈزىتىپ تۇرۇڭ. مۇشۇ ئاساستا بالىڭىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تەدرىجىي ھالدا ئۆستۈرۈڭ. مانا بۇ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمى. بالىڭىزنى 18 ياشقا كىرگۈچە بىر كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەنگە ئوخشاش ئەركىلىتىپ باقسىڭىز بولمايدۇ. ئۇنداق قىلسىڭىز ھەرگىزمۇ ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيسىز. بالىمىزنىڭ رېئال دۇنياغا يۈزلىنىشىدىن ساقلىنالمايمىز، شۇڭا بىز ئۇلارنى رېئال دۇنياغا تەييار قىلىشىمىز كېرەك. بالىمىزنى چوقۇم ئۆزىنى ئۆزى باقالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشىمىز كېرەك، چۈنكى بىز ئاتا ـ ئانا بولغانلار بالىمىز بۇ دۇنيادىن ئايرىلغۇچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ يۈرەلمەيمىز. بالىڭىز بىر ئاز ئىش قىلالايدىغان بولغاندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قاچىسىنى ئۆزى يۇيۇش، ئۆزى قىلغان قالايمىقانچىلىقلارنى ئۆزى رەتلەش، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۆزى قاتلاش قاتارلىق ئىشلارغا سېلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز ئۇنداق قىلماي، بالىڭىزنى داۋاملىق بىر كىچىك بالىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ تۇرۇپ بېقىپ چوڭ قىلىدىكەنسىز، بالىڭىز 18 ياشقا كىرگەندىمۇ بىر كىچىك بالىغا خاس مىجەز ـ خاراكتېرنى ساقلايدۇ. شۇڭا ئۇ چاغدا سىز بالىڭىزدىن ئاغرىنىماڭ.

بالىنىڭ ياخشى چوڭ بولۇشىدا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئائىلە مۇھىتىدىن ئىبارەت. ئەگەر ئائىلە ئىچىدىكى ئىشلار ياخشى بولىدىكەن، بالىنىڭ ياخشى چوڭ بولۇشىدىكى 1 ـ شەرت ھازىرلانغان بولىدۇ. قالغان ئامىللار 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاشۇ 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىللار ئىچىدە ئائىلىنىڭ ئەتراپىدىكى سىرتقى مۇھىتمۇ بار. يەنى، سىز بالىڭىزنىڭ سىرتتىمۇ چوقۇم بىر ياخشى مۇھىت ئىچىدىلا چوڭ بولۇشىغا، پەقەت ياخشى نەرسىلەر بىلەنلا ئۇچرىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. خۇددى يۇقىرىدا دېگەندەك، بىرىنچى مۇھىم ئامىل يەنىلا ئائىلە. سىز ھەرگىزمۇ بالىڭىزنى بىر يەكشەنبە كۈنلۈك مەكتەپكە بېرىپ قويۇپ، ياكى بىرەر تەنتەربىيەگە قاتناشتۇرۇپ قويۇپ، ئىشنى بولدى قىلماڭ. ئەڭ مۇھىم ئامىل يەنىلا ئائىلە. ئەڭ مۇھىم ئامىل يەنىلا دادا بىلەن ئاپا.

ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا، بالىنى ياخشى چوڭ قىلىشتا بىرەر سېھرىي كۈچكە ئىگە، ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش ئۈنۈم بېرىدىغان چارە مەۋجۇت ئەمەس. ياراتقۇچىمىز ئوخشىمىغان كىشىلەرنى ئوخشىمىغان نەرسىلەر بىلەن سىنايدۇ. بالىنى ياخشى چوڭ قىلىشتا بىز يۇقىرىقىدەك ياخشى تەۋسىيەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلىپ بېقىشىمىز كېرەك. ئەمما بىز ئۇ تەۋسىيەلەر ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش ئۈنۈم بېرىدۇ، دەپ ئويلىساق بولمايدۇ. بىز ئۆزىمىز قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل قىلىشقا بارلىقىمىزنى ئاتاپ تىرىشىشىمىز، قالغان جەھەتتە ياراتقۇچىغا ئىشىنىپ، قالغىنىنى ياراتقۇچىمىزغا تەۋەككۈل قىلىشىمىز كېرەك.

بىر داڭلىق زاتنىڭ سۆزلىرىدىكى مەن مەزكۇر ماقالىدا ئىشلەتمەكچى بولغان مەزمۇن مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 10. «ئالتۇن قائىدە»

بۇ ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىل جەريانىدىكى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن يەكۈنلەپ چىققان بىر قائىدە بولۇپ، ئۇنى يۇقىرىدىكى داڭلىق زاتمۇ ئاشۇ لېكسىيەسى جەريانىدا بىر قانچە قېتىم تىلغا ئالدى.

ئۇ بىر ناھايىتى مۇھىم قائىدە بولغاچقا، مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ئىككى پارچە ماقالىسىدە قىسقىچە بايان قىلغان ئىدىم. ئەمما، ئۇ يازمىلىرىم بەزى تور بەتلىرىدىن يوقاپ كەتتى. تېخى ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، مەن ئۇنى بۇ يەرگە قايتىدىن قىستۇرۇپ قويدۇم. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، بالا تەربىيەسىدە ئاتا-ئانىنىڭ ئۈلگىلىك رولى ئىنتايىن مۇھىم، ياكى ھەممىدىن مۇھىم. ئۇنداقتا بۇ ئۈلگىلىك رولنى قانداق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؟ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇنى مۇشۇ «ئالتۇن قائىدە» دە دېيىلگەندەك جارى قىلدۇرۇش كېرەك: سىز بالىڭىزدىن كۈتىدىغان ياكى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز قىلىڭ. تۆۋەندىكىسى «ئالتۇن قائىدە» نىڭ بىر ئاز تەپسىلىيرەك بايان قىلىنىشى.

تۆت مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، كىشىلەر بىر «ئالتۇن قائىدە» نى باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق قائىدە، دەپ تەلىم بېرىپ كەلدى. ئەمما، گەرچە كىشىلەر بۇ پەلسەپىنى ئەخلاقلىق ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىر توغرا قائىدىسى، دەپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ياكى ئۇنىڭ قانداق بىر قانۇنىيەتكە ئاساسلانغانلىقىنى چۈشەنمەي كەلدى. بۇ ئالتۇن قائىدىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

--سىز باشقىلاردىن ئۆزىڭىزگە قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلسىڭىز، سىزمۇ باشقىلارغا شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ بېرىڭ.

--سىز باشقىلاردىن ئۆزىڭىز توغرىسىدا قانداق سۆزلەرنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، سىزمۇ باشقىلارغا ئاشۇنداق سۆزلەرنى قىلىڭ.

--سىز باشقىلاردىن ئۆزىڭىز توغرىسىدا قانداق ئويلاشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، سىزمۇ باشقىلار توغرىسىدا ئاشۇنداق ئويلاڭ.

ئەگەر سىز مەزكۇر ماقالىنىڭ (يەنى، «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن ماقالىنىڭ) ئالدىنقى بۆلۈملىرىدە بايان قىلىنغان مەزمۇنلارنى، يەنى، بىر ئادەمنىڭ ئوي-خىيالى ئاشۇ ئوي-خىيالنىڭ ماھىيىتى بويىچە رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەنگەن بولسىڭىز، يۇقىرىقى ئالتۇن قائىدىگە ئاساس بولىدىغان قانۇنىيەتنى ئاسانلا ئاڭقىرالايسىز. يەنى، سىز باشقىلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاشۇ ئىش توغرىسىدا ئويلىنىشىڭىز ياكى تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىڭىز كېرەك. شۇڭلاشقا سىزنىڭ باشقىلارغا بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىزگىمۇ ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىز ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر ئىنتايىن ياخشى مىسالىدۇر. يەنى ئالتۇن قائىدە بىلەن ئۆزگە تارتىش قانۇنىيىتى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر نەرسىدىن ئىبارەت.

سىز يۇقىرىقى ئالتۇن قائىدىنى ئۆزگەرتەلمەيسىز، ئەمما ئۇنىڭدىن بىر رەت قىلغىلى بولمايدىغان كۈچ سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئۇنىڭسىز ئېرىشكىلى بولمايدىغان يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيسىز.

باشقىلارغا ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش سىزنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلىرىڭىزنىڭ بىرى. ئەمما سىز مەزكۇر قائىدىنى چۈشەنسىڭىز، ئاخىردا باشقىلارمۇ سىزگە ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلىسىز. بۇ قانۇنىيەت سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان ئادالەتسىزلىكلەر

بىلەن رەزىللىكلەرنىڭ ئۆزىڭىزگە قايتىپ كېلىشى بىلەنلا توختاپ قالماي، سىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. يەنى ئۇ سىز بۇرۇن قىلغان ئوي-خىياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىسىنى سىزگە ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، سىز باشقىلارغا ئۇلارنىڭ ئۆزىڭىزگە قىلىشىنى ئارزۇ قىلغان ئىشلارنىلا قىلىپ قالماي، سىز باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزنى قانداق ئويلىشىنى ئارزۇ قىلسىڭىز، سىزمۇ باشقىلارنى ئاشۇنداق ئويلىشىڭىز كېرەك.

سىز باشقىلارغا قارىتا بىرەر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئاشۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئۆز تەپەككۇرىڭىزدا ھاسىل قىلىسىز. ھەمدە ئاشۇ ئىشنىڭ يىغىندىسى، ئاساسى ۋە ماھىيىتىنى ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاشۇ ئىش توغرىسىدىكى تەپەككۇرىڭىزنى سىرتقا تارقىتىسىز. سىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا كىرگەن ئۇ نەرسىلەر سىزنىڭ ئۆز خاراكتېرىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، سىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتىڭىز ياكى تەپەككۇرىڭىزنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن ھالدا ئۆزگىرىدۇ.

مۇشۇ ئاددىي پىرىنسىپنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، سىز نېمە ئۈچۈن باشقا بىر ئادەمنى ئۆچ كۆرسىڭىز ياكى ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق قىلسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى، سىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە ئادالەتسىزلىك قىلغان كىشىلەردىن ئۆچ ئالسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا نېمە ئۈچۈن «يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش» كېرەكلىكىنىمۇ چۈشىنەلەيسىز.

ئەگەر سىز ئالتۇن قائىدىگە ئاساس بولىدىغان قانۇنىيەتنى تولۇق چۈشەنسىڭىز، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بىرلا دوستلۇق رىشتىسى بىلەن ئەبەدىي باغلاپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتنىمۇ چۈشىنىپ، مەيلى تەپەككۇر جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەت جەھەتتە بولسۇن، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى زەخىملەندۈرمەي تۇرۇپ باشقا بىر ئادەمنى زەخىملەندۈرۈشىڭىز قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىسىز. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سىز پۈتۈن ئىشتىياقىڭىز بىلەن قىلغان ھەر بىر تەپەككۇر ۋە ھەر بىر ئىش-ھەرىكەت سىزنىڭ ئۆز خاراكتېرىڭىزگە پايدىلىق يوسۇندا قوشۇلىدۇ.

بۇ قانۇنىيەتنى چۈشەنسىڭىز سىز قىلچىلىكمۇ گۇمانلانماي تۇرۇپ شۇنىمۇ بىلىسىزكى، باشقىلارغا قىلغان ھەر بىر يامانلىقىڭىز ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزنىمۇ جازالايسىز، شۇنداقلا باشقىلارغا قىلغان ھەر بىر ياخشىلىقىڭىز ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزگىمۇ پايدا يەتكۈزىسىز.

## 11. ئىرسىيەتنىڭ تەسىرى

بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى جىسمانىي جەھەتتىن بېقىپ چوڭ قىلىش، يەنە بىرى بولسا روھىي جەھەتتىن بېقىپ چوڭ قىلىش.

بالىنى جىسمانىي جەھەتتىن بېقىپ چوڭ قىلىش ئاسان. بىز ئۇلارغا پەقەت مۇۋاپىق مىقداردا تاماق بېرىمىز، ھەمدە ئۇلارنى جىسمانىي زىيان-زەخمەتتىن قوغدايمىز. شۇنداق قىلساقلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەمما بالىنى روھىي جەھەتتىن بېقىپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن، بىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئوزۇقلۇق بەرمىسەك بولمايدۇ. بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى زەھەرلەپ قويمايدىغان ئوزۇقلۇقلارنى بەرمىسەك بولمايدۇ. بالىڭىزنىڭ كۆڭلىگە كېسەل تېگىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىرىشىڭ. ئەگەر سىز بۇ ئىشقا سەل قاراپ، بالىڭىزنىڭ كۆڭلىگە ھەقىقەتەنمۇ كېسەل تېگىپ قالىدىكەن، سىز جىددىي ھالدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بالىڭىزنى دەرھال داۋالاپ، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ كېڭىيىپ

كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. مۇشۇنداق قىلسىڭىز بالىڭىز يامان ئىش-ھەرىكەتلەردىن مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنالايدۇ.

بىز بالىنىڭ كۆڭلىدىن خەۋەر ئېلىشنى قاچان باشلىساق ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن، بىز ئىرسىيەت (heredity) ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەيلى. بۇددا دىنىدا «كارما پىرىنسىپى» دېگەن بىر ئۇقۇم بار بولۇپ، بۇ يەردىكى «كارما» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مۇنداق: بىر ئادەمنىڭ ھازىرقى ۋە بۇرۇنقى مەۋجۇدىيىتىدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ جۇغلانمىسى بار بولۇپ، ئۇ جۇغلانما مەزكۇر ئادەمنىڭ كېيىنكى مەۋجۇدىيىتىدىكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. كارما پىرىنسىپىنىڭ قارىشىچە، بىز ياخشى ئەمەل قىلساق، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىمىز. يامان ئەمەللەرنى قىلساق، يامان نەتىجىلەرگە ئېرىشىمىز. بىز كارمانىڭ تەسىرلىرىدىن مەڭگۈ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلغۇچىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كارما قان ئارقىلىق بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە ئۆتىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، بىر ئادەم مەلۇم بىر ئىشنى تەكرار-تەكرار قىلىدىكەن، ئۇ ئىش ئاشۇ ئادەمنىڭ بىر ئادىتىگە ئايلىنىدۇ. بىر ئىش ئۇ ئادەمدە بىر ئادەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇ ئادەم ئاشۇ ئادەتنى كۆپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېنى ۋە قېنى ئاشۇ ئوينىڭ ياكى تەپەككۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىشلار ئاشۇ ئوينى چۆرىدىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىپ، باشقىلاردىن ئۆزگە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئەھۋال خۇددى بىر يېمىش دەرىخىگە ئوخشايدۇ. بىر دەرەخنىڭ يېمىشىنىڭ تاتلىق ياكى ئاچچىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ دەرەخ ئاشۇ تەمنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. نۇرغۇن ئىشلاردىكى ئەھۋال مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر سىز رېئال ئەھۋاللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسىڭىز، ئاشۇنداق بىر ھەقىقەت كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ.

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ بىر قانچىدىن بالىلىرى بار بولىدۇ. ئۇ بالىلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ياخشى ئادەم بولۇپ، بەزىدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ناچار ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئوبدان تەكشۈرۈپ كۆرسىڭىز، ئانا ئاشۇ ناچار ئادەم بولۇپ قالغان بالىغا قورساق كۆتۈرگەندە، بالىنىڭ ئاپىسى، ياكى دادىسى، ياكى ھەر ئىككىلىسى بىر قىسىم نورمالسىز ئىشلارنى سادىر قىلغانلىقىنى بايقايسىز. كۆڭلى ساغلام ئەمەس ئادەملەردىن تۇغۇلغان بالىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ساغلام ئەمەس ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى بايقايسىز.

مەن 10 بالىلىق بىر ئائىلىنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممە بالىسى ياخشى بولۇپ، ناھايىتى ئەدەپ-ئەخلاقلىق چوڭ بولۇپتۇ. ئۇلار مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپتۇ، ھەممىدە ھازىر ياخشى خىزمەتلىرى بار بولۇپ، ناھايىتى ساغلام ھايات كەچۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ بالىلار ئائىلىسىگە ۋە ئاتا-ئانىسىغا پەقەت ئىللىقلىق ۋە مېھرىبانلىقلا ئاتا قىلىپتۇ. ئائىلىسىگە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن بالىدىن بىرەرسىمۇ يوق ئىكەن. مەن بۇ ئائىلە بىلەن ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئۇلاردىن قانداق قىلىپ بالىلىرىنى مۇشۇنداق چوڭ قىلالىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئاتا-ئانا ھەر ئىككىسى دىنىي ئېتىقادى بار كىشىلەر بولۇپ، ئىبادەتنى تاشلىمايدىكەن. ئاتا-ئانا ئىككىيلەن بىر-بىرىگە ناھايىتىمۇ كۆيىدىكەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر قېتىممۇ ئۇرۇشۇش يۈز بېرىپ باقماپتۇ. بۇ ئاتا-ئانىلار ئۆز-ئارا ئىناق ئۆتكەنلىكى، ھەممىدە يۇقىرى ئەخلاقىي ئۆلچەم بىلەن ئېتىقادىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، بالىلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى چوڭ بولۇپتۇ. مانا بۇ ئاتا-ئانىنىڭ ياخشى

تەرەپلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مەن يەنە بىر ئائىلىنىمۇ ئۇچراتتىم. ئۇلار قېرىغاندا ئۆز-ئارا ياخشى ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، ياش ۋاقتىدا دادا بولغان كىشى هاراق ئىچىپ، زىنا قىلىپ، نۇرغۇن يامان ئەمەللەرنى قىلىپ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا بولغان بىر ئوغلىمۇ چوڭ بولغاندا دادىسىنىڭ ياش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ياشايدىغان بولۇپ قاپتۇ. هېلىقى دادا كېيىنچە دىنغا كىرىپ، نورمال ياشايدىغان بولۇپتۇ. ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان بالىلىرىمۇ يۇقىرى ئەخلاقىي ئۆلچەم بىلەن ياشايدىغان ياخشى ئادەملەردىن بولۇپ چوڭ بولۇپتۇ.

بۇنداق هېكايىلەر هەقىقەتەنمۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار. گەرچە بۇنداق ئىشلار هەققىدە نۇرغۇن پاكىتلار تېپىلىدىغان بولسىمۇ، ئاتا-ئانىلار ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ هېلىقىدەك ئىشلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلار ئاز چىقىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئاشۇنداق ئاتا-ئانىلار بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان كىشىلەردىن ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بالىلىرى ياخشى ئادەم ياكى يامان ئادەم بولۇپ چوڭ بولغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەهۋاللاردىن، سىز بىر پەرزەنت كۆرۈپ، ئاتا-ئانا بولغاندا، ئۇنى ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغاندەك بىر ئادەم قىلىپ چوڭ قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرۈۋالالايسىز. مەيلى سىزنىڭ ئوي-خىياللىرىڭىز ياكى ئىش-هەرىكەتلىرىڭىز ياخشى بولسۇن ياكى ناچار بولسۇن، ئۇلار سىزنىڭ بالىڭىزنىڭ كۆڭلى ۋە هاياتىنى بەرپا قىلىشتا مۇهىم رول ئوينايدۇ. بالىڭىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىنىڭ ياخشى بولۇش-بولماسلىقىنى سىزنىڭ هازىرقى ئىش-هەرىكىتىڭىز بەلگىلەيدۇ. بۇ هازىر بىر بالىغا ئاتا ياكى ئانا بولۇش ئالدىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ناهايىتىمۇ مۇهىم. هەرگىز بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بولۇش، بالىلىق بولۇش، هەمدە بالىڭىزنى ئۆز ئالدىغا خىزمەت ئىشلەيدىغان بولغۇچە بېقىپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن توي قىلدۇق، دەپ ئويلىماڭ. سىز شۇنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەككى، بالىڭىز كەلگۈسىدە سىزنىڭ نام-شۆهرىتىڭىزگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئائىلىڭىزنىڭ گۈللىنىش-گۈللەنمەسلىكى بالىلىرىڭىزنىڭ كەلگۈسىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. بالىلىرىڭىزنىڭ كەلگۈسىدە ياخشى ئادەم ياكى ناچار ئادەم بولۇپ چىقىشى سىزگە باغلىق بولىدۇ. چۈنكى سىز بالىلىرىڭىز ئۆسۈپ يېتىلىدىغان تۇپراق، هەمدە بالىلىرىڭىزنىڭ ئۈلگىسى.

ياخشى ئىش-هەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشايدىغان هەر بىر ئائىلە ئۆزىنىڭ نام-شەرىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭىدىغان ياخشى يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئاتا-ئانا هەر ئىككىيلەن ياخشى قەلبكە ئىگە بولغاندا، ئانا ئۆزىنىڭ بالىياتقۇسىغا يەنە بىر ياخشى قەلبنى جەلپ قىلىپ ئەكىرىدۇ. سىز ياخشى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ياخشى بالىلارغا ئېرىشىسىز. شۇڭلاشقا سىز توي قىلغان كۈندىن باشلاپلا ياخشى بولۇپ، ئۇنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىڭ.



3 ـ رەسىم: 1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئامانگۈل بىلەن ئاپتورنىڭ توي مەرىكىسىدىن كېيىنكى ئاخشاملىق ياشلار ئولتۇرۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش.

## 12. هامىلدارلىقتىن بۇرۇن ۋە هامىلدارلىق جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

ئالدىنقى بۆلۈمدە ئىرسىيەتنىڭ تەسىرى ئۈستىدە توختالدۇق. يەنى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىش ـ هەرىكەتلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ بالىسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. بىر بالىنىڭ بەدىنى بىلەن كۆڭلىنىڭ ساغلام يېتىلىشىدە دادا بىلەن ئاپىنىڭ هەر ئىككىسى ئىنتايىن مۇهىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر سىز كەلگۈسىدە ئائىلىڭىزنى كۈچلەندۈرمەكچى بولىدىكەنسىز، سىز چوقۇم ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئىدارە قىلىپ، توغرا ئىشلارنى قىلىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلسىڭىز بالىڭىزدىمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيسىز.

ئۆزىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە، ۋە بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلغان بىر جۈپ ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن پەرزەنتلىك بولۇشنى ئىستىشى بىر تەبىئىي ئەھۋال، هەمدە بىر تەبىئىي تاللاش. ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇهەببىتىگە بىر سىمۋول بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار بالىسىنىڭ دادا بىلەن ئاپا ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ زەنجىرى بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلاردىن باشقا، هەر ئىككى تەرەپتىكى چوڭ ـ ئاپا، چوڭ ـ دادىلارمۇ نەۋرىلىك بولۇشنى ئىستەيدۇ. بۇ ئادەتتە هەممە ئائىلىلەرنىڭ ئارزۇسى.

پەرزەنتلىك بولۇشنى خالىمايدىغان ئائىلىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇنداق ئائىلىنىڭ كىشىلىرى ئىنتايىن تۆۋەن ئەخلاقىي قىممەت قارىشىغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنى ئادەتتىكى هايۋانلار بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. ئۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە

ئالمايدۇ، شۇنداقلا يېڭىدىن تۇغۇلىدىغان بالىغا ئائىت مەسئۇلىيەتلىرىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ. پەرزەنتلىك بولۇشنى خالىمايدىغان ئاتا ـ ئانىلاردىن تۆرەلگەن بالىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىشچان بولۇشقا مايىل كېلىدىغان بولۇپ، بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ئۇنداق بالىنىڭ مېڭىسى پۈتۈنلەي نورمال بولۇپ كەتمەيدۇ. بالىنى بۇنداق تېپىش گۇناھ بولىدۇ. ياشلار بۇنىڭدىن چوقۇم خەۋەردار بولۇشى كېرەك. يەنى، ئەگەر سىز بالىنى مۇشۇنداق تاپىدىكەنسىز، كەلگۈسىدە ئۆزىڭىزنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ بەختسىز قىلىسىز.

بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا قىز ـ يىگىتلەر يېڭىدىن توي قىلىپ، ئاخشىمى بىر كارىۋاتقا چىقىشتىن بۇرۇن بىر قىسىم رەسمىيەتلەرنى ئۆتەيتتى. بۇ رەسمىيەتلەر بىر ياشنىڭ شۇ بىر پەيتنىڭ غەدىقلىشى بىلەن ئالدىراپ ئىش قىلىپ قويماسلىقىنى، ئىش قىلىشتىن بۇرۇن ئوبدان ئويلىنىشنى ئۆگىتەتتى. چۈنكى تەلۋىلەرچە ئىش قىلىش بىر ئىنساننىڭ تەبىئىي خاراكتېرى ئەمەس، بەلكى ئۇ ھايۋانلارنىڭ ياكى مەدەنىيەتلەشمىگەن ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئىشىدۇر.

ئۆز ئائىلىسىنىڭ نام ـ شەرىپىگە ۋارىسلىق قىلالايدىغان ياخشى پەرزەنتلەرنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەر بىر ئاتا ـ ئانا يۇقىرىدىكى تەۋسىيەلەرنى ئەستە چىڭ تۇتۇشى كېرەك. بالا ئېلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بىر جۈپ ياش ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۆز كۆڭۈللىرىنى ساغلام ۋەقەلەر بىلەن روھلاندۇرالايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ۋاقىتلىق كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى يېڭى توي قىلغان بىر جۈپ ياش بۇ ئىشنى ئۆز ئائىلىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان پەرزەنتكە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. سىز ئاشۇنداق بىر يىگىت بولسىڭىز، ئايالىڭىزنىڭ قورسىقىدا قالىدىغان بالىنىڭ روھى ساغلام بىر بالا بولۇشىنى ياراتقۇچىمىزدىن تىلەڭ. ئايالىڭىزمۇ شۇنداق قىلسۇن. سىز بۇ ئىشنى ھازىر ئۆز كۆڭلىڭىزدە بىر ياخشى روھىي ھالەت بەرپا قىلىش، ئاندىن كېيىنچە ئۇنى بالىڭىزغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قىلىسىز.

ھەر قېتىم كۆڭلىڭىز پەرىشان بولغاندا ياكى ھېسسىياتىڭىز بىر خىل شەھۋەتپەرەسلىك، خاپىچىلىق، خام ـ خىيال ياكى چىرىكلىك بىلەن تولغاندا، جۈپىڭىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماڭ. خاتا كۆڭۈل چوقۇم خاتا نەتىجە پەيدا قىلىدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا كىشىلەردە ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن كۈنلەردە، ئايال ئادەت كۆرگەن ياكى باشقا بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولغان كۈنلەردە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماسلىق قائىدىلىرى مەۋجۇت ئىدى. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنداق كۈنلەردە ئەر ـ ئايال ئىككىيلەننىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە پۈتۈن زېھنىنى يىغالماسلىقىدۇر. بۇرۇنقى زامانلاردا چوڭلار بۇ قائىدىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان بولۇپ، ئۇنى ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ئاشۇنداق قىلىش جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بىزنى پارلاق ئىستىقبالغىمۇ ئىگە قىلىدۇ.

ئايالنىڭ ھامىلىدارلىق مەزگىلى ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن بىر ناھايىتىمۇ قىممەتلىك ئىش يۈز بېرىۋاتقان مەزگىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ مەزگىلدە بىر قىسىم قائىدە ـ تۈزۈم بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ئانىنىڭ بىر ياخشى ۋە ساغلام بەدىنىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىش بىر تېببىي دوختۇرنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئانىنىڭ بەدىنى ياخشى ۋە ساغلام بولغاندا، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىمۇ ساغلام بولالايدۇ. ئانا بولغان كىشى ئۆزى يەيدىغان يېمەكلىكلەرگە

ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى قورساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايال ئىككى جاننىڭ ھاياتىنى كەچۈرۈۋاتقان بولىدۇ. ئەگەر ئانىنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن، ھەر ئىككى جاننىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ئەگەر ئانا ئاجىزلايدىكەن، ھەر ئىككى جان ئاجىزلايدۇ.



4 ـ رەسىم: بىر ھامىلدار ئايال.

مەنىۋى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى ئىشلار ناھايىتىمۇ مۇھىم. بۇرۇنقى زامانلاردا، ھەر بىر ھامىلدار ئايالدىن مۇنداق 5 ئەمرىمەرۇپ (precept) قا قاتتىق ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنغان:

(1) بىرەر ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش، ھايۋانلارغا رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ياكى باشقىلارنىڭ ھايۋانلارنى قىينىشىنى كۆرۈشتىن قەتئىي ساقلىنىش. ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاقكۆڭۈل بولۇش، ھەممە بارلىق ھايۋانلارغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىش. شۇنداق قىلىش ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى گۈزەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

(2) ئۆزىدە بار بولغان نەرسىلەرگە رازى بولۇش، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەممە باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگە خۇددى دېڭىز بويلىرىدىكى ھېچ بىر قىممىتى يوق تاشلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش. ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ئاچكۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ كىرىۋېلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق.

(3) ئۆز كۆڭلىنى چوقۇم ساپ تۇتۇپ، ئۆزىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئىستىكىنىڭ پەيدا بولۇشىغا قەتئىي يول قويماسلىق. بالا تۇغۇلۇپ بولمىغۇچە قەتئىي جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك. جىنسىي مۇناسىۋەت ئىستىكىنى قوزغايدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلماسلىق. ئەڭ ياخشىسى بىر تەنھا ئايالدەك ياشاش.

(4) پەقەت ھەق گەپلەر، دوستانە گەپلەر، پايدىلىق گەپلەر ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان گەپلەرنىلا قىلىش. نامۇۋاپىق تېمىلار ئۈستىدە پاراڭلىشىشتىن قاتتىق ساقلىنىش.

چوقۇم سۆزلىمىسە بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، سۆزنى چوقۇم مۇۋاپىق قىلىپ، ھەرگىزمۇ گەپنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك. بەك كۆپ سۆزلەپ كەتمەسلىك، چۈنكى كۆپ سۆزلەش ئانىنىڭ كۆڭلىدە قايمۇقۇش پەيدا قىلىدۇ.

(5) ھاراقنا ئوخشاش ئىچىملىكلەردىن قەتئىي يىراق تۇرۇش. ئۇنداق ئىچىملىكلەر ھېچ قانداق بىر پايدىلىق مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدۇ. ھامىلىدار ئاياللار قىمارخانا، ھايۋانلارنى سوقۇشتۇرۇش، ئات چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى، مۇشتلىشىش سورۇنلىرى، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنى قورقۇتىدىغان ياكى ئادەمنى ناھايىتىمۇ بەك ھاياجانلاندۇرۇۋېتىدىغان سورۇنلارغا قەتئىي بارماسلىقى كېرەك.

مەن بىر قېتىم بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قېرىنداشلار بىلەن بىللە ئىشلەيدىكەن. بىر قېتىم بۇ ئەمەلدار بىر مۇسۇلمان بالىسىنىڭ خەتنە قىلىش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىنىپتۇ. ئۇ ئەمەلدارنىڭ ئايالى ئۇ چاغدا ھامىلىدار بولۇپ، گەرچە بۇنداق سورۇن ئۇنداق ئاياللارغا مۇۋاپىق كەلمىسىمۇ، ئۇ ئايال بۇ ئىشقا ناھايىتى قىزىقىپ، ئېرى بىلەن بىللە بېرىپتۇ. كېيىن بۇ ئايال بىر ئوغۇل تۇغۇپتىكەن، ئۇ بالا چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ ئەرلىك جايى خۇددى بىر خەتنە قىلىنغان ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاپ قاپتۇ.

مەن قارتا ئويناشقا ناھايىتى ئامراق يەنە بىر ئەرنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭدىن سورىسام، ئۇنىڭ ئاپىسى ئۆزىگە ھامىلىدار ۋاقتىدا قارتا ئويناشقا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك قارتا ئويناشقا بېرىپتۇ. شۇڭا بۇ ئەرمۇ قارتا ئويناشقا ئامراق بولۇپ قاپتۇ. يەنى، ئاپىسىنىڭ ئادىتى ئۇنىڭغا كۆچۈپتۇ. بىز بۇ مىسالدىن ئانىنىڭ ئادىتى بىلەن كىشىلىك خاراكتېرى بالىسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. يەنى، ھامىلىدار ئانىلار قورسىقىدىكى ئۆزى قاتتىق كۈيىدىغان بالىسىغا ياخشى تەسىر بېرىش ئۈچۈن چوقۇم ناھايىتى دىققەت قىلىشى كېرەك. قورساقتىكى بالىغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىش ئىشىنى ئانا ئۆزى يالغۇز قىلىپ بولالمايدۇ. بۇ ئىشتا دادا بولغان كىشىمۇ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى كېرەك.

ئايالى قورساق كۆتۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، ئېرى ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. ئەگەر سىز ئاشۇنداق ئەرلەرنىڭ بىرى بولسىڭىز، كۆڭۈل ئېچىش ۋە مۇسابىقە كۆرۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئاخشىمى سىرتتا بەك كەچ قالماڭ. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇدۇللا ئۆيگە يېنىپ كېلىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۆيىڭىزدە سىزنى بىرەيلەن ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ سىزنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇشىغا تەشنا بولۇۋاتىدۇ. ئۇ سىزنىڭ ھېسداشلىقىڭىزغىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ. بىرەر ئىشتا ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماڭ. ئانىنىڭ خاپىلىقى قورسىقىدىكى بالىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىز ئايالىڭىزغا بۇرۇنقىغا قارىغاندا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز، ئۆز مۇھەببىتىڭىزنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك نامايان قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭغا پات-پات سوۋغاتلىق نەرسە ئېلىپ بېرىڭ. ئۇنىڭ بىلەن كۆپلەپ پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇڭ. ئۆزىڭىز بۇرۇن قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىنى ئايالىڭىز ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي توختىتىڭ. ئۆيدە كۆپرەك تۇرۇڭ. سىزنىڭ كەچلەردە ئۆيگە ۋاقتىدا كەلمەسلىكىڭىز ياكى سىزنىڭ سىرتتا باشقا بىر ئايال بىلەن بىللە بولۇشىڭىز ئايالىڭىزنى ئەڭ قاتتىق ئازابلايدۇ. بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئايالىڭىزغا ئېلىپ كېلىدىغان كۈلپىتى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. شۇڭلاشقا ناھايىتى

دىققەت قىلىڭ.

ناھايىتى نازۇك بولۇش ئايالالرنىڭ بىر تەبىئىي خۇسۇسىيىتى. بولۇپمۇ ھامىلىدار مەزگىلىدە ئايالالرنىڭ بۇنداق ھېسسىياتى تېخىمۇ بەك كۈچىيىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەر سىزنىڭ ئايالىڭىز ھامىلىدار بولىدىكەن، ئۆيدە مەسىلە ياكى يۇرەك ئازابى پەيدا قىلماڭ. بەزى ئايالالر ھامىلىدار مەزگىلىدە ناھايىتى كۆنلەمچى بولۇپ كېتىدۇ. ناھايىتى نازۇكلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا كىچىككىنە سۈركىلىش توختاتقىلى بولمايدىغان چوڭ مەسىلىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا سىز چوقۇم ناھايىتى سەۋرچان بولۇڭ. ئايالىڭىزدەك نازۇك بولۇپ كەتمەڭ. ئەگەر ئايالىڭىز ئوت بولسا، سىز سۇ بولۇڭ. ئاچچىقىم كەلدى، دەپ، ئۆيىڭىزگە ئوت قويۇۋەتمەڭ. بالىنى تۇغۇش ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، يەڭگىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى ئايالىڭىز ناھايىتى ئەنسىرەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئايالىڭىزنى پات-پات دوختۇرغا كۆرسىتىپ، دوختۇردىن مەسلىھەت ئېلىپ تۇرۇڭ. ئايالىڭىزنىڭ يەڭگىش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا يىراققا سەپەرگە چىقماي، تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بالىڭىز ئۈچۈن لازىمەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاپ بېرىڭ. ئايالىڭىزغا ياخشى ئىشلار ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى، ئايالىڭىزنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بولىدىغان خەۋەرلەرنى دەپ بېرىڭ. ئايالىڭىزنىڭ پەقەت ياخشى ئىشلار بىلەنلا ئۇچرىشىشى، پەقەت ياخشى ئىشلارنىلا كۆرۈشى، ۋە پەقەت ياخشى ۋە ساغلام گەپلەرنىلا ئاڭلىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، خۇددى ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغاندەك، ئايالىڭىز بىلەن بالىڭىزنىڭ بىر مۇكەممەل روھىي ھالەت ئىچىدە تۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز.

شۇڭلاشقا مەن ئوغۇل ياكى قىز پەرزەنت كۆرۈش ئالدىدىكى بارلىق ئاتا-ئانىلارنى بۇرۇنقى زامانلاردىكى كىشىلەر ئەمەل قىلغان دىن ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمى بويىچە ئىش كۆرۈشكە چاقىرىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، بالىلىرىڭلار ياخشى ئادەم بولۇپ، ۋەتەن ئۈچۈنمۇ يارامىلىق ئادەملەردىن بولىدۇ. يېڭىدىن دادا ۋە ئانا بولىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلساڭلار، خۇددى ئۆزۈڭلار ئارزۇ قىلغاندەك بىر بەختلىك ۋە گۈللەپ ياشنىغان ھاياتقا ئىگە بولالايسىلەر.

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى

http://www.buddhanet.net/pdf_file/children.pdf

## قوشۇمچە (1): بالىنى گەپكە كىرگۈزۈشتە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار

مەن ئۆزۈمنىڭ بىر ھەپتە بۇرۇن تورلارغا چىقارغان «بىزنى نېمە بەختلىك قىلىدۇ؟» دېگەن تېمىسىدا ئامېرىكىدىكى تونۇلغان ئەخلاق مۇتەخەسسىسى مايكۇل جوسېفسوننى قىسقىچە تونۇشتۇردۇم. 2015-يىلى 7-يانۋار كۈنى مايكۇل ئۆزىنىڭ تور بېتىدە «بالىنى گەپكە كىرگۈزۈش» (Getting through to kids) دېگەن تېمىدا بىر قىسقا يازما ئېلان قىلدى. تۆۋەندىكىسى ئاشۇ يازمىنىڭ تولۇق مەزمۇنى. گەرچە بۇ مەزمۇن «بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ» دېگەن تېمىنىڭ 3-قىسمىدىكى مەزمۇن بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن

بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقلا بالىنى گەپكە كىرگۈزۈش بالا تەربىيەسىدىكى بىر ھالقىلىق ئىش. شۇڭلاشقا مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۆۋەندىكى مەزمۇننىمۇ قەدىرلەپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



5 ـ رەسىم: قىزىغا تەربىيە قىلىش.

بىز ئۆزىمىز «ئۇلۇغ ھېكمەت» دەپ تونۇغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ بالىلىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە ئىنتايىن قاتتىق قىينىلىمىز. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىيىتىدىن، بالىنى گەپكە كىرگۈزۈشتە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى يەكۈنلەپ چىقتىم:

(1) بالىسىنىڭ پوزىتسىيىلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئىجابىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋەزىپىسى. ئەمما «سەن مۇنداق قىلىشىڭ كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش بالىغا تەلىم بېرىدىغان ئۇچۇر ياكى تەلەپپۇزلار ئادەتتە ھېچ قانداق ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ئۇ ئادەتتە «تەلىم بەرگۈچىگە قارىتا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش» نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بالىلار كۆڭلىدە «سەن ئۆز ھاياتىڭنى مۇكەممەل ھالدا ياشىيالمايۋاتساڭ، مېنىڭ ئۆز ھاياتىمنى قانداق ياشىشىم كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدىغانلىقىڭغا سېنىڭ قانداقمۇ شەرتىڭ توشسۇن؟» دەپ ئويلايدۇ.

(2) كۆپ ساندىكى ياشلار نەسىھەتلەرنى «نىقابلانغان تەنقىد» دەپ چۈشەنگەن ھامان دەرھال ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئۆتىدۇ، ھەمدە ئۇلار ئۆزىنى قوغداش ھالىتىگە كىرگەندىن كېيىن نەسىھەتلەرنى بىر ئىجابىي يوسۇندا بىر تەرەپ قىلالمايدۇ.

(3) ھەممە ئىشلارنى قىلىشقا قارىغاندا دېيىش كۆپ ئاسان. شۇنداق بولسىمۇ بالىغا تەربىيە قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇلى، دېمەكچى بولغان گەپلەرنى بىر خىل ئۆز ـ ئارا پاراڭلىشىش ياكى ئۆز ـ ئارا مۇزاكىرە ـ مۇنازىرە قىلىش تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىش. سىز بىر خەۋەر، بىر كىنو، ياكى بىر مۇلاھىزىدە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەر ھەققىدە بالا نېمىنى ئويلايدىغانلىقى، نېمىنى بىلىدىغانلىقى، ۋە نېمىنى ھېس قىلغانلىقى ھەققىدە بالىڭىزدىن تېخى

ئاخىرلاشمىغان بىر سوئالنى سوراڭ. سىزنىڭ سوئالىڭىزنىڭ يەنە بىر «نىقابلانغان تەنقىد» بولۇپ قېلىشىدىن قەتئىي ساقلىنىڭ.

(4) بالىڭىز بىلەن بىر قېتىم سۆزلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭغا ھېكمەتلەر قامۇسىدىكى ھەممە مەزمۇنلارنى بىراقلا تۆكۈپ بېرىشكە ئۇرۇنماڭ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ «تەربىيە قىلىش پىلانى» نى كۆپلىگەن كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، بالىڭىز بىلەن سۆزلىشىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇننى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللاڭ.

(5) ئەگەر سىز بالىڭىزغا گەپ ئۆتكۈزۈشتە ھەقىقىي ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلماقچى بولىدىكەنسىز، ئۇ ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى يېتەرسىزلىكلىرىڭىز، دۇچ كەلگەن قىيىن ئۆتكەللىرىڭىزنى بالىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ. سىزنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى كەمتەرلىكىڭىز بالىڭىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

مايكۇلنىڭ يازمىسىنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مەزكۇر يازمىغا قارىتا «كرىس سىمونز» (Chris Simmons) ئىسىملىك بىر كىشى تۆۋەندىكى ئىنكاسنى يېزىپتۇ:

مەن ئون نەچچە ياشلىق ئىككى قىزنىڭ دادىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سىزنىڭ بۇ چۈشەنچىڭىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. سىز ئوتتۇرىغا قويغان 4-نۇقتا ماڭا مېنىڭ چوڭ دادام 7 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆگەتكەن، مېنىڭ ئېسىمدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان بىر ھېكمەتنى ئەسلەتتى. مەن 10 ياشلارغا كىرگەندە، چوڭ دادام بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، ماڭا «مەن بىلەن بىر يۇگۇرۇش مۇسابىقىسى قىلىشنى خالامسەن؟» دەپ، ماڭا بىر جەڭ ئېلان قىلدى. مەن «ئەلۋەتتە خالايمەن» دېدىم. ئەمما ئۇ «بۈگۈن ئەمەس»، دېدى. كېيىنكى 7 يىل ئىچىدە مۇشۇ ئىش ھەر يىلى 3-2 قېتىم تەكرارلاندى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن 18 ياشقا كىرەي دەپ قالغان يىلىدىكى بىر كۈنى ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، «بىز بۈگۈن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزسەك بولىدۇ»، دېدى. مەن ئەسلىدە بۇنداق بىر كۈن مەڭگۈ كەلمەيدىغان بولدى، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئۇ مېنى ئۆينىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى ئۆينىڭ ئالدى ھويلىسىدىكى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇردى. مېنى ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە (يەنى دەرەختىن تېخىمۇ يىراق تەرەپتە) تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دەرھاللا «بىز دەرەخنى ئايلىنىپ بىر قېتىم يۈگۈرەيمىز. قېنى باشلايلى!» دەپ ۋارقىرىدى. گەرچە چوڭ دادام 75 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئۇ دەرەخكە يېقىن تەرەپتە تۇرۇۋالغان بولغاچقا، مەن شۇنچە يىللار ساقلىغان بۇ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئۇ ئۇتۇپ چىقتى. مۇسابىقىدىن كېيىن ئۇ مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ، «ھەرگىز باشقا ئادەمنىڭ دامىغا چۈشمە!» دېدى. ھەمدە ئۇ ئۆيگە كىرىپ، چاپىنىنى كىيىپ، ماڭا باشقا بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي كېتىپ قالدى. مەن بۇ ھېكمەتنى ۋە ئۇ ماڭا بۇ ھېكمەتنى قانداق ئۆگەتكەنلىكىنى تاكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە ئۇنتۇلۇپ قالمىدىم. ئەگەر چوڭ دادام ماڭا بىر لېكسىيە سۆزلىگەن بولسا، ياكى ماڭا بىر پارچە خەت يازغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ھەرگىزمۇ ھازىرقىدەك بولمايتتى. ئۇ ماڭا ئاشۇ ھېكمەت بىلەن ياشاشنى ئۆگەتتى. مېنىڭ بۇ ھېكايەمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىشىمغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت! ھەر كۈنى بىلىملىرىڭىزنى بىز بىلەن ئورتاقلاشقىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت!

http://whatwillmatter.com/2013/12/commentary-getting-through-to-kids/

# بالىڭىزنىڭ ئۆز غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا يول قويۇڭ

2015-يىلى 9-ئاينىڭ 18-كۈنى

مەن يېقىندا چەت ئەلگە چىققىلى 10 يىل بولاي دېگەن بىر ئۆكىمىزدىن تۆۋەندىكى بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم:

**«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا،**

**بۇ خەتنى قايتا-قايتا ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن يېزىۋاتىمەن. سەۋەبى بىرىنچىدىن، سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويۇشۇم مۇمكىن، دەپ ئەنسىرىدىم. بەلكىم سىز ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى قېرىنداشلىرىمىزدىن كۈندە نۇرغۇن خەت تاپشۇرۇپ ئېلىشىڭىز، ھەممە ئۇلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن بىر-بىرلەپ جاۋاب قايتۇرۇشىڭىز مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، ئۆزۈمنىڭ مەغلۇپ بولغىنىنى، ئەسلى نىشانىمغا يېتەلمىگىنىنى ھېچ كىمگە ئىقرار قىلىپ باقمىغان، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ئىقرار قىلىشىمۇ تەسكە توختىغان ئىدى. ئەمما، مېنىڭ ئەھۋالىم نۇرغۇن پەرزەنتلىرىمىزدە تەكرارلىنىۋاتقان بولغاچقا، ھەممە سىزنى كۆڭلۈمدە دادامدەك ياكى ئاكامدەك يېقىن سانىغاچقا، ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ، بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن.**

**بۇ دۆلەتكە كەلگىنىمگە 10 يىلغا يېقىن بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تاكى ئالىي مەكتەپكىچە ئىنتايىن ياخشى ئوقۇدۇم. نۇرغۇن تەقدىرنامە ھەم ئوقۇش مۇكاپاتلىرىنى ئالدىم. كۆڭلۈمگە چوڭ نىشانلارنى پۈكۈپ، چەت ئەلگە كەلگەن ئىدىم. دوكتورانت بولۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئەمما، ئۆزۈم قىزىققان كەسپتە ئوقۇيالمىدىم. ئۇنىڭ سەۋەبى، دادام مېنىڭمۇ ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش كەسپتە ئوقۇشۇمنى خالايتتى. مەن ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار مەندەك پەرزەنتلىرىگە دۇنيادىكى باشقا ھەر قانداق مىللەتتىن ئارتۇق مېھىر بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن. بىز پەرزەنتلەرمۇ ئاساسەن ئاتا-ئانىمىزنىڭ گېپىنى يىرمايمىز. دادامنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە ئىقتىسادى بەدەللىرىگە يۈز كېلىش ئۈچۈن، مەن ئۇ ئارزۇ قىلغان كەسپنى ئوقۇشنى تاللىدىم. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاپام تۇيۇقسىز تۈگەپ كەتتى. تەتىل توشقاندىن كېيىنمۇ زەربىدىن ئەسلىگە كېلەلمىگەن بىر ھالەتتە دادامنىڭ زورلىشى بىلەن چەت ئەلگە قايتىپ كەلدىم. مەن ئوقۇماقچى بولغان كەسپتە چەت ئەللىكلەرگە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىلمەيدىغان بولۇپ، مېنىڭ ئۇ ئوقۇشنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرەلىگۈدەك شارائىتىم بولمىغاچقا، مەن ئالدى بىلەن بىر ئاز ئىشلەپ، پۇل يىغىپ، ئاندىن ئوقۇي، دەپ ئويلاپ، بىر ئىش تېپىپ ئىشلەشنى باشلىدىم. لېكىن ئىقتىسادىي بېسىملار تۈپەيلىدىن، چەت ئەلدىكى ئوقۇشۇمنى ھازىرغىچە باشلىيالمىدىم. مەن ئۆزۈمنى ‹زايە بولدۇم، مەغلۇپ بولدۇم›، دەپ ھېسابلايمەن. دادام مەندىن رازى ئەمەس، ئۆزۈممۇ ئۆزۈمدىن ئىنتايىن نارازى. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۆزۈم قىزىققان كەسپنى**

**ئوقۇمىغىنىمدىن بولدى. ئاپامنىڭ تۇگەپ كېتىشى مېنىڭ ئۆزۈم قىزىققان كەسىپتىن ۋاز كېچىشىمگە پەقەتلا بىر باھانە بولغان بولۇشى مۇمكىن.**

**يۇقىرىقى شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەشتىن مەقسىتىم، بىزنىڭ زور كۆپچىلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ قىزىقىشلىرىغا ھۆرمەت قىلماي، ياشلارنىڭ ئۆز تاللاشلىرىغا يول قويماي، ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى توغرا دەپ قارىغان كۆز-قاراشلىرىنى بالىلىرىغا تېڭىپ قويىدىغان ئەھۋال ئېغىركەن. ھەتتا خېلى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىمۇ بۇ خىل ئەھۋال ئېغىر ئىكەن. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنى ئايرىم بىر مۇستەقىل ئادەم، دەپ ئويلىماي، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى داۋام قىلغۇچى ياكى ئۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى، دەپ تونۇپ، ھەممە قارارلارنى بالىلىرىغا ۋاكالىتەن چىقىرىپ بېرىدىكەن. ياكى مەسلىھەتلەشكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۆز ئارزۇلىرى تەرەپكە يېتەكلەشنى ئاساس قىلىدىكەن. مەنچە بۇ بىزدىكى بىر ئېغىر مەسىلە. مۇشۇنداق ئۆزى قىزىقمىغان كەسىپلەرگە ئوقۇشقا تەقسىملەنگەن ياكى مەجبۇرلانغان پەرزەنتلىرىمىز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشتىن مەھرۇم قالىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئەگەر كېيىن پەرزەنت تەربىيىسى توغرىسىدا ئاتا-ئانىلارغا تەكلىپ، تەۋسىيە بېرىدىغان ماقالىلەرنى يېزىپ قالسىڭىز، بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەپ قويۇشىڭىزنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن.»**

كۆرگىنىمىزدەك، يۇقىرىدىكى خەت ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بىر پارچە خەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان بىر ئېغىر مەسىلە ناھايىتى چۈشىنىشلىك ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنىپتۇ. مېنىڭ مەزكۇر يازمىنى تەييارلىشىمغا مانا مۇشۇ خەت تۈرتكە بولدى (ئەسلىدىكى خەت بۇنىڭدىن سەل ئۇزۇنراق بولۇپ، ئۇنىڭ قالغان قىسمى مەزكۇر ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا ئائىت بولمىغاچقا، ئۇنى بۇ يەرگە كىرگۈزمىدىم).

چەت ئەلدە مەن ياخشى بىلىدىغان بىر ئۇيغۇر تونۇشۇم بار. ئۇنىڭ دادىسى يېشى 50 تىن ئاشقاندىن كېيىن بىر ئاز كېسەلچان بولۇپ قېلىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئالىي مەكتەپ كەسپىنى تاللايدىغاندا دادىسى ئۇنىڭدىن ئۈرۈمچىدىكى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋالاش كەسپىنى تاللاشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ كەسىپنى تاللاپ ئوقۇغان. ئەمما ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، بىر خىزمەت تېپىپ بولغۇچە ئۇنىڭ دادىسى تۈگەپ كەتتى. ئۇ ئۈرۈمچىدە ئۆز كەسپىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈش يولىدا ئون نەچچە يىل ئېغىر جاپالارنى تارتىپ، تۇرمۇشتا تولىمۇ قىينالدى. شۇ مەزگىلدە ئاپىسىمۇ تۈگەپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چەت ئەلگە چىقتى. نۇرغۇن ئەللەر جۇڭگونىڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما ئامېرىكا، ھەتتا تۈركىيەدەك ئەللەردىمۇ رەسمىي دوختۇر بولۇپ ئىشلەش ئۈچۈن ئاشۇ دۆلەتنىڭ تىلىدا ئېلىنىدىغان، ئۆتۈش يەرلىك مىللەت كىشىلىرى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر قاتار كەسپىي ئىمتىھانلاردا لاياقەتلىك بولۇشى كېرەك. مېنىڭ بىلىشىمچە ھازىر ئامېرىكىدا ئاشۇنداق قىلالىغان ئۇيغۇردىن 3-4 تەك ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كەم دېگەندە بىرى دوختۇرلۇق كەسپىنى ئامېرىكىدا ئوقۇغان. ھېلىقى تونۇشۇمنىڭ چەت ئەل تىلى سەۋىيىسى ياخشى ئەمەس بولۇپ، چەت ئەلگە چىققاندىن بۇيان بىر تەرەپتىن بالىلىرىنى بېقىپ، يەنە بىر تەرەپتىن چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئۇ كېيىنچە چەت ئەلدە ئۆز كەسپىنى داۋاملاشتۇرالامدۇ-يوق، ئەگەر داۋاملاشتۇرالىسا قاچان شۇنداق قىلالايدۇ، ھازىر ئۇنى ئازراقمۇ بىلمەيدۇ. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ دادىسى تاللاپ بەرگەن دوختۇرلۇق كەسپىنى ئانچە ياخشى

كۆرمەيدۇ.

ماڭا ھازىرغىچە ئېلخەت يازغان ئۆكىلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئوقۇشتا مەغلۇپ بولۇۋاتقان ياشلار ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى ئۆزى تاللىغان كەسىپكە تەقسىم قىلىنماي قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇش قىزغىنلىقىنى يوقاتقان ياشلار. يەنە بىر قىسمى بولسا، خۇددى يۇقىرىدىكى ماڭا خەت يازغان ئۆكىمىزغا ئوخشاش، كەسىپنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە تاللىغان، ئەمما ئالىي مەكتەپكە كېلىپ، كەسىپي ئوقۇشنى باشلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇ كەسىپكە ئازراقمۇ قىزىقمايدىغانلىقى، ياكى بولمىسا ئۇ كەسىپنى ئۆزىنىڭ زادىلا قىلالمايدىغانلىقىنى بايقاپ، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشتىن بەل قويۇۋەتكەن ياشلار. مەن ھەر قېتىم ئاشۇنداق ئۆكىلاردىن خەت تاپشۇرۇپ ئالغاندا، كۆڭلۈم بىر قانچە كۈنگىچە پەرىشان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارغا ئىنتايىن ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇلارغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلىمەن. ھەمدە ئۆزۈمنىڭ بارلىق بىلىملىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىسى تېگىدىغان مەسلىھەتلەرنى بېرىشكە تىرىشىمەن. ئۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب، مېنىڭمۇ ئۆزۈم ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرى بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىم بولغان. ئاشۇنداق ۋاقىتلارنىڭ بىرى 1976 ـ 1977 ـ يىللىرى مەن ئونسۇ ناھىيىسىدىكى بىر شال ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا دېھقان بولۇپ «قايتا تەربىيە» ئالغان مەزگىلىم. ئۇ چاغدا بىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ھېچ قانداق ئىستىقبال مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، بىز پەقەت 20 سوم مائاش بېرىدىغان بىر ئىشچى بولۇشنى نىشانلاپ، قاتتىق ئىشلىگەن ئىدۇق. مەن ئۈچۈن بىر ياشنىڭ ئۆز ئارزۇسى، ئۆز نىشانى ۋە ئۆز غايىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارالماسلىقى بىر ئىنتايىن پاجىئەلىك ئەھۋال.



1 ـ رەسىم: دادىنىڭ ئوغلىغا ياردەم بېرىشى

بالىسى ئۈچۈن كەسىپ تاللاپ بەرگەن ئاتا ـ ئانىلار ئەسلىدىكى قائىدە بويىچە بالىلىرىنىڭ ئاشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشىشىغا باشتىن ـ ئاخىر ياردەمدە بولۇشى، ھېچ بولمىغاندا بالىسى يەنە بىر دۇنياغا سەپەر قىلغۇچە بالىسىنىڭ قېشىدا بىللە تۇرۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇنداق ياراتمىغان ئىكەن. ھەممە ئاتا ـ ئانىلار بالىسى ئۆزلىرى تاللاپ بەرگەن كەسىپنى ئوقۇشنى ياكى ئاشۇ كەسىپتە ئىشلەشنى باشلاپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بالىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ،

ئۆزلىرى يەنە بىر دۇنياغا سەپەر قىلىپ كېتىدىكەن. بالا بولسا قالغان ھاياتىنى ئاتا ـ ئانىسى تاللاپ بەرگەن، ئۆزى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەيدىغان ھېلىقى كەسىپنى قىلىپ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرى بولىدىكەن.

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ياراتقۇچىمىز پەرىشتىلەرنى ھەممە ئىشتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدىغان قىلىپ ياراتقان. پەرىشتىلەرگە قىلماقچى بولغان ئىشلارنى ئۆزلىرى تاللايدىغان، بىر ئىشنى ئۆزلىرى قارار قىلىدىغان ئەركىنلىكلەرنى بەرمىگەن. ئىنسانلارغا بولسا نۇرغۇن ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئىشنى ئۆزى تاللايدىغان، ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تاللايدىغان، ۋە ئۆزىنىڭ قارارىنى ئۆزى ئالىدىغان ئەركىنلىكلەرنى بەرگەن. پەرىشتىلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى ئەنە شۇ. شۇڭلاشقا پەرىشتىلەر ئىچىدە گۇناھكارلار يوق. ئىنسانلار ئىچىدە بولسا ياخشىلىرىمۇ بار، ئەسكىلىرىمۇ بار. ئەگەر ياراتقۇچىمىز خالىغان بولسا، ئىنسانلارنىمۇ پەرىشتىلەردەك ياراتقان بولاتتى. ياراتقۇچىمىز ئىنسانلارغا ھېلىقىدەك ئەركىنلىكنى بەرگەندە، ئۇنداق ئەركىنلىكلەرنى ھەر بىر ئادەمگە ئايرىم ـ ئايرىم بەرگەن. بالىنىڭ ئەركىنلىكلىرىنى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بەرگەن ئەمەس. ئەمما، خۇددى بىز يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەركىنلىكلىرىنىڭ ئىچىدە بالىسىنىڭ بەزى ئەركىنلىكلىرىنى تارتىۋالالايدىغان ھوقۇقىمۇ بار ئىكەن. بۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئايرىم تېما بولالايدىغان بولۇپ، مەن بۇ يەردە ئۇ تېما ئۈستىدە بۇنىڭدىن ئارتۇق توختالمايمەن.




2 ـ رەسىم: ئاپىنىڭ قىزىغا ياردەم بېرىشى

تۆۋەندە مەن ياشلارغا ياكى «بالىلار» غا نېمە ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى ئۈچۈن كەسىپ تاللاپ بېرىشكە، ئۆزلىرى ئۈچۈن غايە تىكلەپ بېرىشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن. ئاتا ـ ئانىلارغا بولسا نېمە ئۈچۈن پەرزەنتلەر ئۆزلىرىنىڭ كەسپىنى ئۆزلىرى تاللىشى كېرەكلىكى، ئۆزلىرىنىڭ غايىسىنى ئۆزلىرى تۇرغۇزۇشى لازىملىقى، ۋە بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بۇرۇن ئەمەلگە

ئاشۇرالماي قالغان غايىلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىملىقىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ قويىمەن. مەن تۆۋەندە بايان قىلىدىغان كۆز-قاراشلار ئۆزۈمنىڭكى بولماستىن، ئۇلار غەربتىكى مۇتەخەسسىسلەر ياكى كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئىلمىي كۆز-قاراشلىرى. ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇلارنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قىستۇرۇپ قويىمەن.

## 1. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغان غايىلىرى بالىلىرىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ يېڭى ئىدىيىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆز غايىلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى ئىستەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغان غايىلىرىنى بالىلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ [1].

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايقىغان: بىر قىسىم ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى بالىلىرى قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلىشى، ئۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى باشقا بىر ئايرىم ئادەم، دەپ ھېسابلىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان. يەنى، بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى «ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزارتىلغان بىر قىسمى»، دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئارزۇسى ۋە ئايرىم غايىسى بار، ئاتا-ئانىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئادەملەر، دەپ ھېسابلىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان غايىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلىرىنى مەلۇم بىر ئالاھىدە كەسىپنى تاللاشقا، ياكى مەلۇم بىر ئالاھىدە ساھەدە ياكى ئورۇندا ئىشلەشكە قىستايدۇ.

تەتقىقاتچىلار بايقىغان، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى مەلۇم بىر ئىشنى ياكى كەسىپنى قىلىشقا قىستىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى پۇشايمىنى كۆڭلىدە پەيدا قىلغان بوشلۇقنى تولدۇرۇشتىن ئىبارەت. يەنى، ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بەزى نىشانلىرىنى بالىلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى پۇشايمان ۋە ئۈمىدسىزلىكلەرنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى ۋاستە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ياخشىلىماقچى بولىدۇ.

بەزى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھاياتىغا مەنە ياكى قىممەت بەرمەكچى بولىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆزلىرى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان مەلۇم بىر غايە قاپلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ غايىنى ئۆزىنىڭ بالىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. نەتىجىدە بىر قىسىم بالىلاردا روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازاب چېكىش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ بالىلار داۋاملىق كونا ئىشلار بىلەنلا ھەپىلىشىپ، ئۆز تىرىشچانلىقلىرىنى ئاخىرى چىقماس خاتا نەتىجە ياكى يوقاتقان پۇرسەتلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇرى بولىدۇ. ئۇلار ئەنسىزلىككە چۆمىدۇ، ۋە چۈشكۈنلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك ياكى ھاراق بىلەن كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىكنى بېسىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ئاسانلىقچە ئۇخلىيالمايدۇ، ھەمدە ھارغىنلىق تۇمانى ئىچىدە ئايلىنىپ مېڭىپ يۈرىدۇ. يەنە بىر قىسىم بالىلار بولسا ئاتا-ئانىسى ئورۇنلاشتۇرغان ئىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دېيىشىچە، بالىلارنى توغرا يېتەكلەشنىڭ ئۇسۇلى ئۇلارنى ئىجادچان بولۇشقا، تىرىشچان بولۇشقا، ئىنتىزار بولۇشقا، ۋە ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن

ئىبارەت.

يەنە بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دېيىشىچە، بالىلار كىچىك ۋاقتىدا ئۇلارنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ مەكتەپ سىرتىدىكى پائالىيەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتمەي، ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ بايقىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاقىت ۋە سورۇن ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. بالىلار ھەددىدىن زىيادە كۆپ پائالىيەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆز يولىنى ئۆزى تاپىدىغان بولۇش ۋە يېڭىلىق يارىتالايدىغان بولۇشقا ۋاقتى قالمايدۇ. يېڭىلىق يارىتىش دېگىنىمىز بىر نەرسىنى يوقتىن بار قىلىش بولۇپ، ئۇنداق قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت كېتىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىسىنى ھەممە ئىشتا باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىدىغان قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇ بالىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى بوغۇپ قويىدۇ.

## 2. ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ غايىسىگە ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەك

ئاتا-ئانىلار ئاساسەن ئۆز پەرزەنتلىرىگە جان-جەھلى بىلەن كۆيىدۇ. ئەمما بالا ئون نەچچە ياشقا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق ئۆزى قارار چىقىرىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بىر قىسىم مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار كۆپىنچە ئىشلارنى بالىسىنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ، بالىسىنىڭ ئۆز غايىسىنى ئۆزىنىڭ تاللىشىغا يول قويىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار بولسا بالىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، بالىسىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە مېڭىشىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. بۇنداق ئاتا-ئانىلار بالىسىنى ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان تەنھەرىكەت تۈرىگە قاتناشقۇزىدۇ، بالىسىنى ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان مۇزىكا، ئۇسسۇل ياكى باشقا سەنئەت تۈرلىرىگە كىرىشكە زورلايدۇ، ياكى بولمىسا بالىسىنى دوختۇر ياكى ئادۋوكاتلىققا ئوخشاش ئۆزى قىلچىمۇ ياخشى كۆرمەيدىغان كەسىپكە مەجبۇرلايدۇ [2].

بەزى بالىلار جىمجىتلا ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار بۇنداق ئىشقا نارازى بولسىمۇ، ئاتا-ئانىسىغا ئاشكارا قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما مەسىلە بالىنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىپ، بالىنىڭ كۆڭلىدە قارشىلىق ھەتتا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. يەنە بەزى بالىلار ئۆز پىكىرلىرىنى ئۇدۇللا دەۋېرىدىغان بولۇپ، ئاتا-ئانىسىدىن ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشقا يول قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىكى مۇناسىۋەتكە دەز كېتىدۇ، ھەمدە بالا ئاتا-ئانىسىدىن يىراقلىشىدۇ. ئەگەر بۇنداق مۇناسىۋەت ۋاقتىدا ئوڭشىۋېلىنمايدىكەن، ئائىلە كىشىلىرى بىر-بىرىدىن شۇ ۋاقىتتا ياكى كېيىنچە يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا پۈتۈنلەي ئاتا-ئانىلار سەۋەبچى بولىدۇ. كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز ئارزۇلىرىنى بالىلىرىغا تېڭىشىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار:

--ئۇلار ئۆز ئارزۇلىرىنى بالىلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ئاشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بالىلىرىنىڭ غايىسىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى ئاساسەن بىلمەيدۇ.

--ئۇلار «ئۆزىمىز ياش ۋاقتىمىزدا ئېرىشەلمىگەن پۇرسەتلەرنى بالىمىزغا يارىتىپ بېرىۋاتىمىز»، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما بالىلىرىدىن ئاشۇنداق پۇرسەتلەرنى ئىستەيدىغان-ئىستىمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا باشقا نىشان-غايىسى بار-يوقلۇقىنى سوراپ قويمايدۇ.

--ئۇلار بالىلىرىدىن ئۆزلىرى تاللاپ بەرگەن ھەر قانداق بىر كەسىپتە بۇسۇپ چىقىشىنى

ئىستەيدۇ. ئەمما بالىلىرىنىڭ ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىنىشقا رازى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى، ۋە ئاشۇنداق رىقابەتكە كىرىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ.

ـ ـ ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى گۆرۈگە قويۇش ئارقىلىق باشقا ئاتا ـ ئانىلار بىلەن رىقابەتلىشىدۇ. بۇ بىر خىل بەسلىشىش بولۇپ، بالىسى ئۇتۇپ چىققان ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنى «يەڭگۈچى» ھېسابلايدۇ.

ـ ـ ئەگەر بالىلىرى بىر ياكى بىر قانچە ساھەدە بۆسۈپ چىقمىسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئاتا ـ ئانا قاتارىدا كۆرمەيدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە پەقەت ئاتا ـ ئانىلارلا كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىدا بالىلارنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلمىغان. بەزى ئاتا ـ ئانىلار «بالىلىرىمىز ئۆزىنىڭ نېمىنى ئىستەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئاشۇنداق قىلىمىز»، دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بالىلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى ئىستەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. كۆپىنچە بالىلار ئۆز ئالدىغا قارار ئالالايدۇ، ھەمدە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالالايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رولى بالىنى يېتەكلەش بولۇشى، بالا ياردەم سوراپ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ قويۇش بولۇشى، بالىسى مەغلۇپ بولغاندا «مەن ساڭا دېمىدىممۇ؟» دېمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىپ قويۇش بولۇشى، بالىسىنى ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تاللاشقا رىغبەتلەندۈرۈش بولۇشى، بالىسىنى ئۆزى قارار چىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، قارار چىقىرىشنى بالىسىغا قويۇپ بېرىش بولۇشى، ھەمدە بالىسى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە بالىسى ئۈچۈن كۈچ ـ قۇدرەت ۋە راھەتلىكنىڭ مەنبەسى بولۇپ بېرىش بولۇشى كېرەك. سىز ئاشۇنداق ئاتا ـ ئانا بولالىغاندىلا، ئاندىن بالىڭىز بىر خىل ياخشى مۇھىتقا ئېرىشىپ، بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادەم بولۇش يولىغا ھەقىقىي تۈردە قەدەم تاشلىيالايدۇ.

### 3. نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ غايىسىنى ئۆزىڭىز تۇرغۇزۇش ناھايىتى مۇھىم؟

كۆپىنچە كىشىلەر ئۆز غايىسى بويىچە ياشاشنى ئىستەيدۇ. ئەمما ھەممە ئادەملەر شۇنداق قىلالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ غايىسىنى بويلاپ مېڭىپ، ئۆزىڭىز ئىستىگەن ھاياتنى ياشاشقا پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ :[3]

(1) پەقەت ئۆز غايىڭىز ئۈچۈن ياشىغاندىلا ئاندىن ھاياتىڭىزنىڭ قىممىتى بار بولىدۇ. ئۆز غايىڭىز ئۈچۈن ياشىسىڭىز، ئەڭ زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ۋاقىتلاردىمۇ ئۇنىڭغا باش ئەگمەيسىز. بۇرۇنقىدەكلا تىرىشىسىز. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئىشىڭىزنى يېڭىدىن سىنايسىز. سىزنىڭ غايىڭىز سىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭىزغا مەنە قوشىدۇ. ئەگەر سىزدە غايە بولمايدىكەن، سىز ھېچنېمىگە ھېساب بولمايسىز.

(2) سىز باشقا غايىلىك كىشىلەر بىلەن تونۇشىسىز. سىز ئۆز غايىڭىز ئۈچۈن تىرىشىش ئىرادىسىگە كېلىپ، ئاشۇ يولغا يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن قەدەم تاشلىغىنىڭىزدا، سىز قىممەت قارىشى ۋە قىزىقىشى سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا كىشىلەرنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلىسىز. سىز ئەتراپىڭىزغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىشىلەرنى قانچە كۆپ توپلىسىڭىز، سىزمۇ

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ شۇنچە يۇقىرى پەللىسىگە چىقالايسىز. ھەمدە قىيىنچىلىقتا يولۇققان ۋاقىتلىرىڭىزدا، سىزنىڭ ئاشۇ دوستلىرىڭىز سىزگە ئىلھام بېرىپ، سىزنىڭ داۋاملىق ئۇتۇق قازىنىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

(3) سىزمۇ باشقىلارغا مەدەت بولالايسىز. سىز بىر غايىنى تىكلەپ، ئاشۇ غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلسىڭىز، سىزنىڭ تۇتقان يولىڭىز سىز بىلەن ئوخشاش ھالەتتىكى باشقا كىشىلەرگە ئۈمىد ئېلىپ كېلىدۇ. سىز ئۇلار ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز غايىلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ بېقىشىغا تۈرتكە بولىسىز. سىز ئۇلارغا ياردەم قىلالايسىز، ئۇلارنى يېتەكلىيەلەيسىز، ھەمدە ئۇلارغا مەدەت بېرەلەيسىز.

(4) ئائىلىڭىزنى ياخشى باقالايسىز. سىز ئاشۇنداق قاتتىق ئىرادىگە كەلسىڭىز، ئاسانلىقچە مەغلۇپ بولمايسىز. سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن ياخشى نىشاندىن بىرنى تىكلەپ، ئاشۇ نىشان ئۈچۈن تىرىشىش جەريانىدا مەلۇم مىقداردىكى كىرىمنىمۇ يارىتىدىكەنسىز، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىڭىزنى ئوبدان باقالايسىز. بەزى غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش باشقىلىرىغا قارىغاندا ئۇزۇنراق ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى باشقىلىرىنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ.

(5) ئۆزىڭىز ئۆچ كۆرىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسىڭىز، كۈنلەر ئىنتايىن ئاستا ئۆتىدۇ. ئەتىسىمۇ ئورنىڭىزدىن ئىنتايىن چارچىغان ھالەتتە تۇرىسىز. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان كەسىپنى قىلىپ ياشىسىڭىز، سىزنىڭ ھەر بىر كۈنىڭىز ھاياجانلىق ئىچىدە ئۆتۈپ، قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدىن زور ھوزۇر تاپىسىز.

(6) سىزنىڭ غايىڭىزنى باشقىلار ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرمەيدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم غايىسى بار بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۆز غايىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىز كۈرەش قىلمايدىكەنسىز، باشقىلار سىزنىڭ غايىڭىز ئۈچۈن ئىشلەپ بەرمەيدۇ.

(7) سىز پەقەت ئۆز غايىڭىز ئۈچۈن ياشىغاندىلا ئاندىن بەختلىك بولالايسىز. غايىسىز ھايات چۈشكۈنلۈككە تولغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا ناھايىتى قاتتىق ئىزدىنىپ، ئۆزىڭىز ھەقىقىي تۈردە ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىنى تېپىپ چىقىڭ. سىز ئاشۇ نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن رەسمىي سەپەرگە ئاتلانغاندىن كېيىن، سىز ئۆز ھېسسىياتىڭىزدا باشقىچە ئۆزگىرىش ھاسىل بولغانلىقىنى بايقايسىز.

(8) باشقىلارنىڭ سىز توغرىسىدا خاتا قاراشتا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايسىز. ھەممىمىزنىڭ ئەتراپىدا «سېنىڭ ئۇ غايەڭ ئەمەلگە ئاشمايدۇ» دەيدىغان ئادەملەر بار. سىز ئاشۇنداق پوزىتسىيىدىن ئوتنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلغان ماينىڭ ئورنىدا پايدىلىنىپ، قاتتىق تىرىشىپ، ئۇلارنىڭ دېگىنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاڭ.

(9) ئاتا-ئانىڭىزنى پەخىرلەندۈرەلەيسىز. ئاتا-ئانىمىز بىزنىڭ غايىمىزنى داۋاملىق توغرا چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلار بەزىدە بىزنىڭ غايىمىزنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ. ئەمما سىز ئۆز غايىڭىزدە چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق تىرىشىش ئارقىلىق ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىكەنسىز، سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز سىزدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايدۇ.

(10) ئۆز-ئۆزىڭىزنى پەخىرلەندۈرەلەيسىز. ئۆز غايىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرسىڭىز يالغۇز ئاتا-ئانىڭىزنى پەخىرلەندۈرۈپلا قالماي، ئۆز-ئۆزىڭىزنىمۇ پەخىرلەندۈرىسىز. سىزنىڭ ئۆز-ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇتۇق قازىنىش ۋە ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان كەسىپ بىلەن

شۇغۇللىنىشتىن كېلىپ چىققان ھاياجانلىقتىن ناھايىتىمۇ بەك بەھرىمەن بولىسىز.

(11) سىز پەقەت بىر قېتىملا ياشايسىز. ھايات بەكمۇ قىسقا. كۈنىمىز ساناقلىق. شۇڭلاشقا بىز نېمىشقا ئاشۇ كۈنلەرنى ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكۈزمەيمىز؟

(12) سىز ئۆزىڭىزنىڭ مەلۇم بىر غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ياشىسىڭىز، بالىڭىزغا بىر ياخشى ئۈلگە تىكلەپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا «ھەر قانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرەلەيسىز [4].

(13) ئۆز غايىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق مەغلۇپ بولۇشنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدىغان بولىسىز. مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇبىيەت ئۈنچىۋالا ئەسكى نەرسىمۇ ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتەلەيسىز.

(14) پۇشايماندا قېلىش بىر ئىنتايىن ئازابلىق ئىش. ئەگەر سىز بىر غايە تىكلەپ، كەم دېگەندە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۆرۈپ باقمايدىكەنسىز، غايىنىڭ قۇدرىتى چوقۇم سىزدە بىر خىل قاتتىق پۇشايماننى پەيدا قىلىدۇ.

(15) غايە تىكلەيدىغان ئادەملەرگە ياش چەكلىمىسى قويۇلمايدۇ. بىز ئۆزىمىز ئىستەيدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بايقىغاندا، ياش ئۇنىڭغا ئانچە پۇتلاشمايدۇ.

(16) غايىنىڭ چېكى يوق. مەيلى چوڭ غايە بولسۇن، ياكى كىچىك غايە بولسۇن، سىز ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سىز ئۆز پىلانىڭىزغا پايدىلىق بولغان يولنى پىلانلاپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز.

(17) غايە سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى بەلگىلەش كۈچىگە ئىگە. سىز ئۆز غايىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، باشقىلار سىزنىڭ قانداق بىر ئادەم بولالايدىغانلىقىڭىز ۋە قانداق بىر ئادەم بولالمايدىغانلىقىڭىز ھەققىدە سۆز ئېچىش سالاھىيىتىنى يوقىتىدۇ.

(18) ئۆز غايىڭىز ئۈچۈن كۈرەش قىلمىسىڭىز سىز ئۆزىڭىزنى ھېچ قانداق نەتىجە ياراتمىغان ئادەم، دەپ ھېسابلايسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرەر ئىشنى ئارزۇ قىلىشتىن پۈتۈنلەي توختايسىز [5].

(19) غايە سىزنى تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا ئۈندەيدۇ، ھەمدە تەۋەككۈلچىلىك سىزگە تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدە ئوقۇدۇم. 1976 ـ يىلى يازدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ شەھەرگە يېقىن بىر يېرىگە جايلاشقان ئونسۇ شال ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا «قايتا تەربىيە» ئېلىشقا چۈشتۈم. 1977 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگودا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مېنىڭ نوپۇسۇم ئونسۇ ناھىيىسىدە بولغاچقا، مەن ئاشۇ قېتىملىق (ياكى 10 يىلدەك ۋاقىتتىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق) ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئونسۇ ناھىيىسىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە قاتناشتىم. بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئەڭ چوڭ پاراڭ تېمىسى بولۇپ تۇردى. ئىمتىھان تۈگەپ، ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتى مىقياسىدا بىر ئىش ناھايىتى چوڭ خەۋەر بولۇپ تارقالدى. ئۇ بولسىمۇ «ئاقسۇدا بىر ئوقۇغۇچى پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى بويىچە ئىنتايىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپتۇ»

دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قاتتىق سۈرۈشتە قىلىشى نەتىجىسىدە ھېلىقى يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچى مەن بولۇپ چىقتىم. يەنى مېنىڭ نومۇرۇم پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى بويىچە 2-ئورۇندا ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنى قوبۇل قىلغان ئالىي مەكتەپلەر ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەر تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىچىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، ھەتتا چەت ئەللەرمۇ بار ئىدى. ئەمما ئۇ چاغدا مەندە ھېچ قانداق چەت ئەل تىلى سەۋىيىسى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، خەنزۇ تىلى سەۋىيەممۇ ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ھېلىقىدەك گەپلەرگە ئانچە بەك ئىشىنىپ كەتمىدىم. مەن ھەر كۈنى چوڭقۇر ھاياجانلىق ۋە خۇشاللىق ئىچىدە بىر ئالىي مەكتەپنىڭ چاقىرىقىنى ساقلاپ تۇرسام، رەھمەتلىك دادام ماڭا ئۇنىسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئېيىغا 20 نەچچە سوم مائاش بېرىدىغان تەرجىمانلىق خىزمىتىدىن بىرنى ھەل قىلىپتۇ. ئۇ چاغدا دادام ئۆزى يالغۇز ئىشلەپ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى قامداۋاتقان بولغاچقا، ئىقتىسادىمىز ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن دادام ئاكامنىڭ شۇ قېتىم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلمىغان ئىدى (ئاكاممۇ ئاقسۇ 1-ئوتتۇرىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇشىنى تاماملىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇشىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى). شۇنىڭ بىلەن دادام ماڭا ئۆز قارارىنى ئېيتتى: «سىز ئوقۇشقا بارماي، ئونسۇدىكى ئاشۇ خىزمەتنى ئىشلەيسىز. سىزنى ئوقۇتۇشقا بىزنىڭ ئىقتىسادىمىز يار بەرمەيدۇ.» بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مېنىڭ ھېلىقى خۇشاللىقىم بىلەن ھاياجىنىم ئازاب ۋە ھەسرەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئالىي مەلۇماتلىق بولۇش غايەم غازاڭغا ئايلاندى. مەن ئۇ چاغدا ھېچ قانداق ئىشتا دادامنىڭ گېپىنى يىرالمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ماڭىمۇ ئايان ئىدى. دەل شۇ چاغدا دادامنىڭ دوستلىرى يىغىلغان بىر مېھماندارچىلىق سورۇنىدا باشقىلار مەن ئېرىشكەن يۇقىرى نومۇر مۇناسىۋىتى بىلەن دادامنى تەبرىكلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام ئۆزىنىڭ مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتماسلىق قارارىنى قالغانلارغا دېيىشكە مەجبۇرى بولۇپتۇ. بۇ قارارنى ئاڭلىغان دادامنىڭ دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىپ، دادامنى قاتتىق ئەيىبلەپتۇ، ھەمدە ئۇنىڭغا «ئەگەر بالاڭنى سىلە ئوقۇتمىساڭلا، ئوقۇش چىقىمىنى بىز ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىپ، ئۇنى بىز ئوقۇتايلى. ئەركىن ئالىي مەكتەپكە بارمىسا قەتئىي بولمايدۇ»، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام نائىلاج مېنىڭ ئوقۇشۇمغا ماقۇل بولۇپتۇ.

مەن ئالىي مەكتەپ دەۋرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. دادامنىڭ مائاشى پۈتۈن ئائىلىنى بېقىشقا ئارانلا يېتىدىغان بولغاچقا، مائاشىنىڭ بىر قىسمىنى ماڭا بەرسە، ئائىلىدىكى قالغانلارنى باقىدىغانغا پۇل يېتىشمەيتتى. مەن ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان 5 يىل ئىچىدە، يول كىراسىغا تۆلەيدىغان پۇل بولمىغاچقا، ھەر يىلى ئۆيگە پەقەت بىر قېتىملا، يەنى يازلىق تەتىلدىلا قايتتىم. ئۇ چاغدا ماشىنىلار ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا يولدا 3 كېچە قونۇپ (يەنى توقسۇن، كورلا ۋە كۇچادا قونۇپ)، 4 كۈندە ئاران باراتتى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دادام مېنى ئۈرۈمچىدىن قايتۇرۇپ ئەكېلىدىغانغا ئۆزىنىڭ يۈك ماشىنىسى ھەيدەيدىغان شوپۇر تونۇشلىرىدىن بىرەرنى تېپىپ بېرەتتى. مەن ئاشۇنداق يۈك ماشىنىسىنىڭ كەينىدىكى كۇزۇپتا، يۈك كەپىگىكىسىدە ئولتۇرۇپ، يۇرتقا قايتىپ كېلەتتىم. يازلىق تەتىل تۈگەپ، ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان ۋاقىتتىمۇ دادام مېنى يەنە ئاشۇنداق ماشىنىغا سېلىپ قوياتتى. مەن ئىككى قېتىم پوچتىخانا خەتلىرىنى توشۇيدىغان ئۈستى

ئوچۇق يۈك ماشىنىسىنىڭ ئۈستىدە، خەت قاچىلانغان خالتىلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. يەنى 8 ـ ئاينىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى 4 كۈن ئۈستى ئوچۇق ماشىنىدىكى يۈكلەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، توپىلاڭ ۋە ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يوللاردا مېڭىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ئىدىم. دادام «سىزنى ئوقۇتىدىغان ئىقتىسادىمىز يوق»، دەپ تۇرسىمۇ ئوقۇش يولىنى مەن ئۆزۈم تاللىغان بولغاچقا، مەن ھەر قانداق ئىشقا ھېچ قانداق نارازى بولمايتتىم. «مەن ئۆلۈپلا قالمىسام، باشقا ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ»، دەپ ئويلايتتىم.

مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىگە مۇئاۋىن رەئىس بولدۇم (مېنىڭ ئۈستۈمدە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 4 مەكتەپ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى بار ئىدى). شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىرەرسىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى يىغىنىغا بېرىپ تۇردۇم. مەن ئۇ چاغدا غەربىي ـ شىمالدىكى 5 ئۆلكىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ئىدىم. ئېھتىمال 1981 ـ يىلى بولسا كېرەك. بىر يىلى يازدا مەن ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە قايتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، دادام ماڭا ھېلىقىدەك پوچتىخانا يۈك ماشىنىسىدىن بىرىنى تېپىپ بەردى، ھەمدە قولۇمغا 5 سوم پۇل بەردى. مەن بۇ پۇلنى ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە بارغىچە بولغان 4 كۈنلۈك سەپەردىكى تاماققا (شوپۇر نەدە ئۇخلىسا مەنمۇ شۇ يەردە ئۇخلايدىغان بولغاچقا، ياتاققا پۇل كەتمەيتتى؛ بەزىدە ماشىنىنىڭ كەپىنكىسىدە ياكى ئۈستىدە ئۇخلىغان ۋاقىتىمۇ بولغان)، ئۈرۈمچىدىن ئىچكىرىگە مېڭىشتىن بۇرۇنقى بىر ھەپتىلىك تاماققا (ئۈرۈمچىدىكى مەكتەپكە بالدۇرراق بېرىپ، ئىچكىرىگە بېرىپ ـ كېلىش ئايروپىلان بېلىتى قاتارلىق سەپەر رەسمىيەتلىرىنى بېجىرمىسەم بولمايتتى)، ئىچكىرىدىكى شەخسىي چىقىملىرىمغا، ھەمدە ئىچكىرىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئوقۇش باشلاشقىچە بولغان 10 كۈندەك ۋاقىتتىكى تاماققا يەتكۈزۈشۈم كېرەك ئىدى. ئوقۇش باشلىغاندا مەكتەپ تاماقنى بىكارغا بېرىدىغان بولۇپ، ئۇ چاغدا پۇلسىزمۇ ياشىغىلى بولاتتى. مەن ھېلىقى 5 سوم پۇلنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن، كۆڭلۈم قاتتىق بۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ، بىر ئادەم يوق جاينى تېپىپ، بىر سائەتتەك ۋاقىت قاتتىق يىغلىدىم. ھەر قانچە ھېسابلىساممۇ، ئۈرۈمچىدە ئوقۇش باشلىغۇچە ھېلىقى 5 سوم پۇلنى يەتكۈزەلەيدىغانغا كۆزۈم يەتمىدى. ئاكام ئۆز ھالىدىن كېتىپ قالغان ئۇكىسىنى كۆرۈپ، ئۆزى يىغىپ قويغان ئازراق پۇلىنى ماڭا بەردى. مەن ئۇ چاغدا كەسپىي ئوقۇش، چەت ئەل تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ئىشلەش جەھەتتە مەكتەپكە تونۇلۇپ، كۆپ تەشۋىق قىلىنىپ، خېلى چوڭ نام ـ ئاتاققا ئېرىشكەن ئىدىم. ئەمما، ئائىلە ئىقتىسادىمىزنىڭ ياخشى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، مەن باشقا كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىقتىسادىي شارائىتتىن مەھرۇم قالغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ ئەتىسى مەن ئىنتايىن پەرىشانلىق ئىچىدە يولغا چىقتىم.

مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئاتا ـ ئانامدىن ئىنتايىن ئاز ئىقتىسادىي ياردەم ئېلىپ تۇرۇپ ئوقۇپ پۈتتۈردۈم. بەزى چاغلاردا نەچچە ئاي ۋاقىت ئىچىدە ئاتا ـ ئانامدىن تۇرمۇش پۇلى ئالماي، ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىپ، شۇنىڭ قەلەم ھەققى بىلەن ياشىغان ۋاقىتىمۇ بار. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور ۋە ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ساۋاقدىشىم دىلمۇرات تۇرسۇن، ۋە ھازىر بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان، ياپونىيەدە مەن بىلەن بىر قاراردا ئوقۇغان زەپەر ئابلىز ئىككىيلەن ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش چىقىملىرىمنى تۆلىۋەتكەن ئىدى. مەن ئۇلار قىلغان ئاشۇ ياخشىلىقلارنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇلمايمەن.

بۈگۈن مەزكۇر ماقالىنى يېزىۋاتقاندا، ئېسىمگە يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار كېلىپ قالدى. مېنىڭ ئۇلارنى يېزىشتىكى مەقسىتىم، ھازىر ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى توغرىسىدا مۇھىم قارارلارنى ئېلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئۇكىلارغا مۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلدۇرۇپ قويۇش: ئاتا-ئانىلارنىڭ قارارى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا توغرا چىقىدۇ. ئەمما، ھەممە ۋاقىت توغرا چىقمىۋەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا بەزى چاغلاردا ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى مۇھىم قارارلارنى ئۆزىڭىز ئېلىشىڭىز، شۇ ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئۆزىڭىز بەلگىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر مەن 1978-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كېلەلمىگەن بولسام، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىرەر جايدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش سەۋىيىسىدىكى بىر ئادەم بولۇپ ئىشلەۋاتقان بولار ئىدىم.

ھازىرقى بىر قىسىم ئۆسمۈرلەر ئاجايىپ چوڭ بولغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ئاساسەن ئاڭلاپمۇ باقمايدىكەن. بىرەر يىلنىڭ ئالدىدا بىز تۇرۇۋاتقان يەرگە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغان بىر ئوقۇغۇچى كەلگەن. بىر قېتىم ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان كىچىك ئاپىسىدىن «كەچتە تاماق ئەتمىدىڭىز، بىز بۈگۈن كەچتە نېمە يەيمىز؟» دەپ سوراپتۇ. كىچىك ئاپىسى «كەچتە تاماق ئېتىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم. شۇڭا چۈشتە ئېشىپ قالغان تاماقنى يەيلى» دېسە، ھېلىقى بالا «مەن ھەرگىزمۇ ئېشىپ قالغان تاماقنى يېمەيمەن»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سىزنىڭ بالىڭىزنى ئاشۇنداق تەربىيىلىگىنىڭىز سىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆيگىنىڭىزما؟ مەن ھازىرمۇ ئېشىپ قالغان تاماقلارنى يەيمەن. دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆيىمىزگە مېھمان كېلىدىغان ئىشلار كۆپ بولىدىغان بولۇپ، تاماق ئېشىپ قالىدىغان ۋاقىتلارمۇ كۆپ. شۇڭلاشقا مەن ھازىرمۇ بىر ۋاق ئەمەس، بىر قانچە كۈن ئېشىپ قالغان تاماقلارنى يەيمەن. يېگەندىمۇ بىزگە ئاشۇنداق تاماقلارنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىپ تۇرۇپ يەيمەن.

مەن ئامېرىكىدا ئوقۇشۇمنىڭ دوكتور-ئاشتى باسقۇچىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، رەسمىي خىزمەتكە كىرىپ ئىككى يىل ئۆتكەندە، يەنى بۇنىڭدىن 17 يىل بۇرۇن، دادام ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنى دادىسىز ياشاپ كەلدىم. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئاتا-ئانىلار بۇ دۇنيادىن بالدۇر كېتىپ، بالىلىرىنىڭ ھاياتىغا ئاخىرغىچە ھەمراھ بولالمايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا بالىلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىغا ھەمراھ بولالمايدۇ. شۇڭلاشقا مېنىڭ ھەر بىر ئاتا-ئانىلاردىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم، بالىڭىز ئۆز ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئۆزى قارار قىلسۇن. بالىڭىز ئۆز ئۆمرىنى قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكۈزۈشنى ئۆزى قارار قىلسۇن. سىز بولسىڭىز بالىڭىزنىڭ ئۆز قىزىقىشى ۋە ئۆز تالانتلىرىنى بايقىۋېلىشىغا، يەنى ئۆزىنىڭ قايسى كەسىپنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ۋە قايسى كەسىپنى ئەڭ ياخشى قىلالايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىغا بارلىق كۈچىڭىز بىلەن ياردەم قىلىڭ. ئۆز قىزىقىشى بىلەن ئۆز تالانتلىرىنى بايقىۋېلىش ناھايىتىمۇ مۇشكۈل ئىش. خېلى كۆپ كىشىلەر ئوتتۇرا ياشلارغا بارغاندىمۇ ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن ئۆزىدىكى تالانتلارنى بايقىيالمايدۇ. ئاشۇنداق بولغاچقا، نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار بالىسى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغانغا بىر-ئىككى يىل ۋاقىت قالغان چاغدىن باشلاپ، بالىلىرىنى نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ۋە مۇزېيلارغا ئاپىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرىدۇ. ئامېرىكىدىكى بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپ مەزگىلىدىن باشلاپلا ھەر يىلى

«ئىلىم-پەن مۇسابىقىسى»، «ئىلمىي تەتقىقات كۆرگەزمىسى»، ۋە «دالا سەيلىسى» دېگەندەك پائالىيەتلەرگە، ھەمدە ھەر خىل تەنھەرىكەت تۈرلىرىگە قاتنىشىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى ئەڭ كۆپ تارقالغان كەسىپ ۋە تېخنولوگىيىلەر بىلەن ناھايىتى ئوبدان تونۇشۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۇچۇن ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن ئۆزىدىكى تالانتلارنى ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدىلا ياكى بولمىسا ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلى ئىچىدىلا بايقىۋېلىشى خېلى ئومۇملاشقان. ئەمما ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياش-ئۆسمۈرلەر ئۇچۇن بۇنداق شارائىتلار مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋەزىپىسى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، مەن ئۇلاردىن بالىلىرىنىڭ ئۆزى تاللىغان غايىسىگە ئارىلىشىۋالماي ياكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلماي، ئۇلارنىڭ ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ئۆزىدىكى تالانتلارنى بايقىۋېلىشىغا ئەڭ زور دەرىجىدە ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] How parents' unfulfilled dreams can affect their children
http://www.consumeraffairs.com/news/how-parents-unfulfilled-dream-can-affect-their-children-070813.html

[2] Do Interfering Parents Raise Successful Children?
http://www.earnestparenting.com/2009/03/24/guest-intefering-parents-successful/

[3] Eleven Reasons Why It's Important to Follow Your Dreams
http://www.lifehack.org/articles/communication/11-reasons-why-its-important-follow-your-dreams.html

[4] The 16 Reasons Why It Is So Important To Follow Your Dreams
http://addicted2success.com/success-advice/16-reasons-why-its-important-to-follow-your-dreams/

[5] NINETEEN REASONS TO IGNORE EVERYBODY AND FOLLOW YOUR DREAMS
http://www.globotreks.com/features/19-reasons-ignore-everybody-follow-your-dreams/

# خەلقئارالىق كومپيۇتېر تەربىيىسى ھەپتىسى پائالىيىتى ھەققىدە

2015-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى

بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئىدارىنىڭ تور بېتىگە بىر يېڭى چاقىرىق چىقىپتۇ. ئۇ چاقىرىقتا بىزنىڭ ئىدارىنىڭ خادىملىرى ئىدارىمىز جايلاشقان شەھەردىكى مەكتەپلەردە ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى (Hour of Code)» پائالىيەتلىرى ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىپ بېرىشكە چاقىرىلىپتۇ. مەن بۇ ئۇقتۇرۇشنى كۆرگەندىن كېيىن، «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى» نىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئازراق ئىزدىنىپ باقتىم. ھەمدە ئۇنىڭ بىر خەلقئارالىق «كومپيۇتېر ئىلمى تەربىيە ھەپتىسى» (computer science education week) پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.




1-رەسىم: «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى» پائالىيىتى ھازىر دۇنيانىڭ مۇشۇ رەسىمدە بەلگە قويۇلغان نۇرغۇن جايلىرىغا تارقىلىپتۇ.

يۇقىرىدىكى 1-رەسىمدىن كۆرۈۋالغىنىمىزدەك، ھازىر «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى»

پائالىيىتى دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىغا جايلاشقان شەھەرلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ئەمما ئۇيغۇر دىيارىدا بۇ پائالىيەت قەتئىيلا يوق ئىكەن.

«كومپيۇتېر ئىلمى تەربىيە ھەپتىسى» پائالىيىتىنى ئامېرىكىدىكى «ھېسابلاش ماشىنىسى بىرلەشمىسى» 2009-يىلى باشلىغان بولۇپ، بۇ ئىشقا دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن مۇھىم ئورۇنلار ھەمكارلاشقان ئىكەن. ئاشۇ ھەمكارلاشقۇچى ئورۇنلارنىڭ ئىچىدە تورداشلارغا تونۇشلۇق بولغان گوگۇل شىركىتى، ئىنتېل شىركىتى ۋە مىكروسوفت شىركەتلىرىمۇ بار ئىكەن. ھازىر پۈتۈن دۇنيادا بۇ پائالىيەتنى ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان 350 ئورۇن ۋە يۈز-مىڭدىن ئارتۇق مائارىپچىلار بار ئىكەن.

«كومپيۇتېر ئىلمى تەربىيە ھەپتىسى» پائالىيىتىنى ھەر يىلىنىڭ 9-دېكابىر كۈنى بار ھەپتىسى ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ پائالىيەت ئەسلىدە كومپيۇتېر پروگراممىسى تىلىغا زور تۆھپە قوشقان ئامېرىكىلىق دوكتور خوپپېر ( Admiral Grace Murray Hopper) خانىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن باشلانغان ئىكەن. خوپپېر خانىم 1906-يىلى 9-دېكابىردا تۇغۇلغان بولۇپ، 1992-يىلى 1-يانۋار كۈنى ۋاپات بولغان. ئۇ 1944-يىلى «Havard Mark I» دەپ ئاتالغان كومپيۇتېرنى پروگراممىلاشقا قاتناشقانلارنىڭ بىرى بولۇپ، كومپيۇتېر پروگراممىسى تىلىدا ئىشلىتىلىدىغان تۇنجى قېتىملىق «compiler» نى ئىجات قىلغان ئىكەن.




2-رەسىم: ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى دوكتور خوپپېر خانىم.

«كومپيۇتېر ئىلمى تەربىيە ھەپتىسى» پائالىيىتى ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى باشلانغۇچ تەييارلىق سىنىپى باللىرى (5 ياشلىق باللار) دىن 12-سىنىپ

ئوقۇغۇچىلىرىغىچە بولغان ئۆسمۈرلەرنى كومپيۇتېر ئىلمىگە قىزىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

هازىر «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى» پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سانى 180 دىن ئاشقان بولۇپ، بۇ پائالىيەتنىڭ قوللانمىسى هازىر 40 تىن كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ بولۇپتۇ. بۇ پائالىيەتنى هەر قانداق ئادەم هەر قانداق يەردە ئورۇنلاشتۇرسا بولۇۋېرىدىكەن. تۆۋەندىكى 1 ـ مەنبەدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ پائالىيەتكە 4 ياشتىن 104 ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ هەممىسى قاتنىشالايدىكەن.

تۆۋەندىكى 1 ـ مەنبەدە «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى» پائالىيىتى هەققىدە كۆپلىگەن سوئاللار ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەزكۇر پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىمۇ بار ئىكەن .




3 ـ رەسىم: «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى» پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى.




4 ـ رەسىم: مەزكۇر رەسىمدىن قارىغاندا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئوبامامۇ بۇ ئىشقا بىۋاستە قاتنىشىۋاتقان ئوخشايدۇ.

تۆۋەندىكىسى 1 ـ مەنبەدە بېرىلگەن بىر قىسىم سوئال ـ جاۋابلارنىڭ مەزمۇنلىرى:

## «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى» دېگەن نېمە؟

ئۇ كومپيۇتېر ئىلمى ھەققىدىكى بىر سائەتلىك دەرس بولۇپ، ئۇ كومپيۇتېر پروگراممىسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن. بۇ دەرس ھەر قانداق ئادەم كومپيۇتېر ئىلمىنىڭ ئاساسلىق بىلىملىرىنى ئۆگىنەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى» قانداق ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان؟

ھەر قانداق ئادەم بۇ بىر سائەتلىك دەرسنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرسا بولىۋېرىدۇ. ئەمما، بۇ پائالىيەتنى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ ئارزۇسى «كومپيۇتېر ئىلمى تەربىيىسى ھەپتىسى» نى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇ بىر سائەتلىك دەرسنىڭ 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر سائەت ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئون مىليونلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ دەرسكە قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ .

## نېمە ئۈچۈن كومپيۇتېر ئىلمىگە بۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلۈنىدۇ؟

ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا كومپيۇتېر ئىلمىنى ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلە يېشىش ماھارىتىنى، لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى، ۋە ئىجادكارلىقىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق. كومپيۇتېر ئۆگىنىشنى كىچىك يېشىدىلا باشلاش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلار 21 ـ ئەسىردە كەسپىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشنىڭ ئاساسىنى ھازىرلىيالايدۇ .

## مەن كومپيۇتېر پروگراممىسى ھەققىدە ھېچ نېمىنى بىلمەيمەن. مەن ئاشۇنداق پائالىيەتنى تەشكىللىسەم بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە بولىدۇ. «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى» پائالىيىتى ئۆزىنى ئۆزى يېتەكلەپ ئېلىپ

باردىغان پائالىيەت. سىز پەقەت بىز تەييارلىغان قوللانمىنى سىناپ باقسىڭىزلا بولىدۇ. قوللانمىدىن بىرنى ھەمدە بىر سائەت ۋاقتىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ. قالغان ئىشلارنى بىز بىر تەرەپ قىلىپ بېرىمىز. ئوخشىمىغان ياشتىكى ۋە ئوخشىمىغان سەۋىيىدىكى بالىلار ئۈچۈن تەييارلانغان قوللانمىلار بار. ئۇلار 5 ياشلىق بالىدىن تارتىپ ئۇنىڭدىن چوڭ ياشتىكى بالىلارغىچە لايىھىلەنگەن. بىز تەييارلىغان «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن قوللانمىنى ئوقۇپ، پائالىيەتنى پىلانلاشقا باشلىسىڭىز بولىدۇ.

بىرنچى مەنبەدىكى سوئال ـ جاۋابلار يەنە بار. مەن ئىنگلىزچىنى بىلىدىغان بىرەر كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرى ياكى بىرەر ئۇيغۇر شىركەتلىرىنىڭ ئاشۇ مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، تورلارغا يوللاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ پەرىزىمچە بۇ ماتېرىياللارنىڭ خەنزۇچىسىمۇ بار بولىشى مۇمكىن.

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىر ئۇيغۇرلار كومپيۇتېر ئىلمى ساھەسىدە ۋە كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى بارلىق نوپۇس ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن خېلىلا ئارقىدا تۇرىمىز. شۇڭلاشقا «كومپيۇتېر پروگراممىسى ۋاقتى» پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەمەل ئەھلىلىرى ۋە مائارىپچىلارنىڭ بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر جۇڭگونىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا بۇ پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بولغاچقا، ئاشۇ جايلارغا تەجرىبە ئۆگىنىشكە بىر قىسىم كىشىلەرنى ماڭدۇرۇپ، شۇ ئاساستا ئىش ئېلىپ بارسا، بۇ ئىشنى خېلى ئوڭايلا يولغا قويغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

### پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Hour of code
https://hourofcode.com/us

[2] Computer Science Education Week
https://csedweek.org/

[3] <https://csedweek.org/about>

[4] https://en.wikipedia.org/wiki/Grace_Hopper

# تارتىنچاق بالىغا ياردەم قىلىش ئۇسۇللىرى

2015 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

مەن يېقىندا ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر سىڭلىمىزدىن تۆۋەندىكى خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم:

(نەقىل) **ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئاكا! سىزدىن پەرزەنت تەربىيىسى توغرىسىدا بىر مەسلىھەت ئالاي دەپ، بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. ھازىر مېنىڭ ئىككى قىزىم بار. بىرى 5 ياش، يەنە بىرى ئىككى يېرىم ياش. چوڭ قىزىم بەكلا ئەقىللىق، لېكىن ئۇ شۇنداق جىمغۇر چوڭ بولۇۋاتىدۇ. قىزىمنىڭ بۇ مىجەزىنى بايقىغاندىن بېرى، ھەر بىر دەم ئېلىش كۈنلىرى مەن ئۇنى ئەڭ ياخشى يەرلەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىمەن. بارلىق ياخشى ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بەردىم. ئېرىم بىلەن ئىككىمىز ئۆيدە بولساقلا ئاشۇ ئىككىسىگە بارلىق ۋاقتىمىزنى ئاجرىتىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئوينايمىز. يەسلىگە بەرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىسى چوڭ قىزىمنىڭ ئەقىللىقلىقىگە، ۋە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا ھەيران قاپتۇ. لېكىن «بەك جىمغۇركەن، باللار بىلەن ئوينىمايدۇ، مەن سوئال سورىمىغۇچە ئۆزى تەشەببۇسكار بولمايدۇ» دەيدۇ. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن پاراڭلىششقا شۇنچىلىك ئۇرۇنساممۇ، پەقەت پاراڭ قىلىپ بەرمەيدۇ. «يەسلىدە قانداقراق ئوينىدىڭىز؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىسام، «ھەجەپ سوراۋېرىسىزكەن»، دەپ، ئۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. قېرىنداشلىرى ياكى يەسلىدە باشقا باللار ئۇرسىمۇ پەقەتلا دىمەي، ئۇنىسىز يىغلاپ كېتىدۇ. مەن قىزلىرىمنى شوق، ئوچۇق-يورۇق چوڭ بولسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىمەن. شۇڭا قانداق قىلارمەن؟ ئۇنى بەك تارتىنچاق بولۇپ قالارمۇ، دەپ، بەك ئەنسىرەيمەن. بۇنى ئۆزەم بىلمەن. ئۇنداق ئادەم ئىچىدىن ئازاپلىنىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولسا ماڭا يول كۆرسەتسىڭىزكەن، دېگەن ئۈمىتتىمەن. رەخمەت!**
(نەقىل تۈگىدى)



1 ـ رەسىم: تارتىنچاق قىز

مەن يۇقىرىدىكى خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تورلاردىكى تارتىنچاق بالىلار تەربىيىسى ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئىزدەپ كۆردۈم. ھەمدە «دوكتور سىئېرزدىن سوراڭ» (www.askdrsears.com) دېگەن تور بېتىگە چىقىرىلغان بىر پارچە ياخشى ماقالىنى تاپتىم. مەزكۇر يازمىدا ئاشۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرىمەن.

«دوكتور سىئېرزدىن سوراڭ» دېگەن تور بەتنى دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار بالا تەربىيىسى مۇتەخەسسىسلىرىدىن 5 كىشى بىرلىشىپ قۇرغان بولۇپ، بۇ مۇتەخەسسىسلەر ھازىرغىچە بالا تەربىيىسى ۋە ئاتا-ئانىلىققا ئائىت مەزمۇنلاردا 15 پارچىدەك كىتاب چىقىرىپ بولۇپتۇ. «دوكتور سىئېرزدىن سوراڭ» دېگەن ماقالىنى يازغان كىشى ئەمەلىيەتتە ھازىر كېسەل داۋالاۋاتقان بالىلار دوختۇرى ئىكەن.




2-رەسىم: «دوكتور سىئېرزدىن سوراڭ» دېگەن تور بېتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى.

تۆۋەندىكىسى «دوكتور سىئېرزدىن سوراڭ» دېگەن تور بەتتىكى «تارتىنچاق بالىغا ياردەم قىلىشنىڭ 8 خىل ئۇسۇلى» دېگەن ماقالىنىڭ مەزمۇنلىرى.

«تارتىنچاق بالا» دەپ ئاتالغان بالىلار ناھايىتى كۆپ. ئەگەر سىز بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي تۇردە چۈشەنسىڭىز، «بالىدىكى تارتىنچاقلىق ئۇنچىۋالا سەلبىي سۈپەتمۇ ئەمەس ئىكەن»، دېگەن ئىدىيىگە كېلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىغا قاراپ، بالىدىكى تارتىنچاقلىق بىر ياردەمچىمۇ بولالايدۇ، ۋە بىر كەمتۈكلۈكمۇ بولالايدۇ.

## 1. تارتىنچاقلىقنىڭ ياخشى تەرىپى

تارتىنچاقلىق بىر خىل مىجەز-خاراكتېرى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر نۇقسان ياكى ئەيىب ئەمەس. تارتىنچاق كىشىلەر باشقىلارنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ ئاڭلايدىغان، ھەممە بىر توپ ئادەملەر بىلەن بىللە بولغاندا بىر ئېغىز گەپ قىلمىسىمۇ باشقىلار ناھايىتى ياقتۇرىدىغان كىشىلەردۇر.

بالىڭىز تارتىنچاق بولسا، باشقىلارغا «بۇ بالا بەك تارتىنچاق»، دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بولۇپمۇ بالىڭىزنىڭ ئالدىدا ئۇنداق دېمەڭ. تارتىنچاقلىق بىر خىل يامان ئىش ئەمەس، بەلكى، تارتىنچاقلىقنىڭ نۇرغۇن ياخشى تەرىپى بار. نۇرغۇن كىشىلەر تارتىنچاقلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇنى بىر خىل نورمالسىزلىق، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە تارتىنچاق بالا ئۆزى ھەققىدە بىر خىل ناچار ئوبراز تىكلىۋالغان بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇنداق باھا بىر خىل ئادالەتسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. كۆپلىگەن تارتىنچاق بالىلار ئۆزىنى ناھايىتى ساغلام ھېسابلايدۇ. ئۇلاردا نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىچكى تىنچلىق بار بولىدۇ. ئەگەر ئۇچۇق-يورۇق ياكى خۇشخۇي ئادەملەر بىر ئاز جىم تۇرۇپ قاراپ باقىدىغان بولسا، تارتىنچاق بالىلاردىكى ھېلىقى نۇرنىڭ پارلىداۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

بالىسى بىر توپ بالىلارنىڭ ئارىسىدا جىمغۇرلىشىپ كەتكەندە، ئاتا-ئانىلار ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بالا ئۆزىدىكى تارتىنچاقلىقنى نامايان قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئۇنىڭدا بىر مەسىلە بار بولۇشىمۇ مۇمكىن. قايسى خىل ئەھۋال ئىكەنلىكىنى مۇنداق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ: ئۆزىنى ساغلام ئادەم ھېسابلايدىغان تارتىنچاق بالا باشقا بالىلار بىلەن كۆز ئۇچرىشىشى قىلىپ تۇرىدۇ، ناھايىتى ئەدەپلىك كېلىدۇ، ھەمدە ئۆز-ئۆزىدىن خۇشال بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ پەقەت كەمسۆزلۈك قىلىدۇ. ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى ياخشى بولىدۇ، ھەمدە باشقىلار ئۇنى ياقتۇرىدۇ.

بەزى «تارتىنچاق» بالىلار چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە ئېھتىياتچان كېلىدۇ. ناتونۇش ئادەملەر بىلەن تېز يېقىنلاشمايدۇ. ئۇلار ناتونۇش ئادەملەرنى ئوبدان كۆزىتىپ، ئۇلار يېقىنلىشىشقا ئەرزىمدۇ-يوق، دېگەن ئىش ئۈستىدە ئوبدان ئويلىنىدۇ. تارتىنچاق بالىلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر خىل ئىچكى تىنچلىققا ئىگە بولۇپ، تارتىنچاقلىق ئاشۇ تىنچلىقنى قوغداش ئۇسۇلى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

## 2. تارتىنچاقلىقنىڭ ناچار تەرىپى

بەزى بالىلار ئۈچۈن تارتىنچاقلىق ئىچكى تىنچلىقنىڭ ئەمەس، ئىچكى مەسىلىلەرنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق بالىدا تارتىنچاقلىق چېكىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇ باشقىلار بىلەن كۆز ئۇچرىشىشى قىلمايدۇ، ھەمدە ھەر خىل نورمالسىز قىلىقلارنى قىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنداق بالا بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايدۇ. ئەگەر سىز ئۇنى ئوبدان كۆزەتسىڭىز، ئۇ ھەممە ئىشنى ئاچچىقلىنىش ۋە ئەندىشە ئىچىدە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە تىنچلىق ۋە باشقىلارغا بولغان ئىشەنچ يوقلۇقىنى بايقايسىز. سىز تېخىمۇ چوڭقۇر كۆزەتسىڭىز، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنى خاپا قىلىپ قويىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بايقايسىز.

## 3. تارتىنچاقلىق پەردىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋېلىش

بەزى بالىلار ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ ئوبرازنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر تارتىنچاقلىق پەردىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالىدۇ. ئەڭ بىخەتەر يول ھېچنېمىسىنى كۆرسەتمەسلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان بىر تامنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. «تارتىنچاق» دېگەن قالپاق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ماھارەتلىرىنى يېتىلدۈرمەسلىك ۋە ئۇلارنى ئىشقا سالماسلىقنىڭ باھانىسى بولۇپ قالىدۇ. يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىنتىلمەيدىغان بالا «تارتىنچاق» دېگەن قالپاق بىلەن «قاتتىق تىرىشمىساممۇ بولىدۇ» دېگەن ئورۇنغا ئېرىشىپ، ئۇ قالپاقنى كىشىلىك تەرەققىياتىنىڭ بىرلا بالدىقىدا تۇرۇۋېرىشىنىڭ باھانىسى قىلىۋالىدۇ. بۇنداق بالىلار ئۈچۈن تارتىنچاقلىق بىر خىل ئەيىب بولۇپ، تارتىنچاقلىق ئۆزلىرىدىكى شەخسىي ئىززەت ـ ھۆرمەت (self _ esteem) نىڭ تېخىمۇ تۆۋەنلەپ مېڭىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنداق بالىلاردىكى تارتىنچاقلىقنى ساقايتىش ئۈچۈن، سىز چوقۇم ئۇلاردىكى شەخسىي ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك. ئۇنداق بالا ئۆزى ياخشى ئىشىنىدىغان ئاپا ياكى دادىغا موھتاج بولۇپ، ئاشۇ ئاپا ياكى دادا بولغان كىشى بالىسىغا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەربىيە قىلىشى، يەنى بالىدىكى ئىچكى خاپىلىق ۋە ئۆزى ھەققىدىكى ناچار ئوبرازنى بىر ئادەت بىلەن ئوخشاش نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلانغان ئاساستا تەربىيە قىلىشى كېرەك.

## 4. شوخ بولۇشتىن جىمغۇرلۇققا ئۆزگىرىش

بەزى بالىلار ئىككى ياشقا كىرگىچە ناھايىتى شوخ ۋە ئاكتىپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن جىمغۇرلۇققا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىدىن «نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئەنسىرەپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بالىغا ھېچ نېمە بولغان ئەمەس. ئىككى ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن، نۇرغۇن بالىلار ئويلىماي تۇرۇپ ئىش قىلىدىغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىككى ياشتىن 4 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بالىلار ناتونۇش كىشىلەردىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تونۇمايدىغان ئادەملەردىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ دوختۇرخانىسىدا ماڭا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەكەلگەن يېڭى بالىلارنىڭ «تارتىنىش» كۆرۈنۈشىنى داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. مەن تەكشۈرۈش ئۆيىگە كىرگىنىمدە بالا بېشىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، باش بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىپ، ئاپىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ، مەندىن يوشۇرۇنۇشقا ئۇرۇنىدۇ. مەن دەسلەپىدە بالا بىلەن كارىم بولماي، ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن ناھايىتى ئەركىن ۋە يېقىملىق ھالەتتە سالاملىشىمەن. بالىنىڭ ئاپىسى مەن بىلەن قورۇنماي پاراڭلىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بالا بىزنىڭ پارىڭىمىزغا قۇلاق سېلىشقا باشلايدۇ. ئاستا ـ ئاستا ئۇ «بۇ دوختۇر ئاپامغا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا ماڭىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلايدىغان بولىدۇ. ئەگەر بالا مۆكۈۋالغان يېرىدىن چىقمايدىكەن، مەن بىر تېپىشماق باشلايمەن: «شېرىن قېنى؟ مېنىڭ ئۇنى بەكمۇ كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. قارىغاندا ئۇ بۇ يەردە يوق ئوخشايدۇ. شۇڭا مەن سەل تۇرۇپ كېلەي.» مەن تەكشۈرۈش ئۆيىدىن

چىقىپ كېتىپ، بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن قايتا كىرسەم، ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋەتكەن بىر بالىنى كۆرىمەن. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش (social retreating) بالا تەرەققىياتىدىكى بىر نورمال باسقۇچ. سىز تۇغقانلىرىڭىزدىن ئەپۇ سوراش، بالىڭىزنىڭ قىلىقلىرىدىن خىجىل بولۇش، ياكى بالىلار دوختۇرىغا تېلېفون قىلىشتىن بۇرۇن، سەل سەۋرچان بولۇڭ. بالىڭىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۇ ئۆزىنى ئۆتمەيلا چېچەكلەشكە باشلايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ تارتىنچاقلىقىغا قارىتا نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. بۇ بىر ئۆتكۈنچى باسقۇچمۇ؟ بالىنى شوخراق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەكمۇ؟ تارتىنچاقلىقتا يوشۇرۇنغان بىرەر ئېغىر مەسىلە بارمۇ؟ تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ئاشۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ.

## 5. بالىڭىزنى پات ـ پات قۇچاقلاپ تۇرۇڭ

ئالدى بىلەن سىز ياراتقۇچىمىز سىزگە بىر سەزگۈر، مۇھەببەتتى چوڭقۇر، ۋە جىمغۇر بالىنى سوۋغا قىلغانلىقىنى، بۇ بالا ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ئالدىراپ يېقىنلاشمايدىغانلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئادەتتە خۇشال ئۆتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىڭ. ئاشۇنداق بىر بالىنىڭ بولۇشى بىلەن بۇ دۇنيا بىر تېخىمۇ ئىناقلىققا تولغان جايغا ئايلىنىدۇ.

## 6. تارتىنچاق بالىنى قانچىلىك تارتىسىڭىز، ئۇ شۇنچىلىك مۇكۇنۇۋالىدۇ

ھەممە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تارتىنچاق بالىسىغا ياردەم قىلغۇسى كېلىدۇ. ئەمما مۇنداق بىر ئىشقا دىققەت قىلىش كېرەك: بىر قىسىم بالىلار تارتقانسېرى تېخىمۇ بەك مۇكۇنۇۋالىدۇ. سىز بىر بالىنى تارتىنچاقلىق ئىچىدىن تارتىپ چىقىرالمايسىز. ئۇنىڭ ئورنىغا بالىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ياخشى مىجەزىنىڭ تەبىئىي ھالدا يېتىلىشى ئۈچۈن بىر راھەت مۇھىت يارىتىپ بېرىڭ. ھەرگىز بىر بالىغا «تارتىنچاق» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرمەڭ. ئەگەر بالىڭىز بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا، ئۇ ئۆزىدە بىرەر مەسىلە باردەك ھېس قىلىپ، تېخىمۇ بەك تارتىنچاق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر بالىڭىزنى باشقىلارغا تەسۋىرلەشكە مەجبۇرى بولۇپ قالىدىكەنسىز، «ئايرىم يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ» (private, reserved) دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىڭ. قالپاق باشقىلارنىڭ بالىڭىزغا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ قويىدۇ. بالىڭىزنى «تارتىنچاق» دېسىڭىز، باشقىلارنىڭ بالىڭىزغا «ياردەم قىلىش» قا ئۇرۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بالىڭىزنى بىرەر تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، دەسلەپدە ياخشى تەسىر بېرىش ئۈچۈن بالىڭىزغا «تارتىنماڭ، ئۇ سىزنى چىشلىۋالمايدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلماڭ. ئۇنداق سۆزلەر چوقۇم بالىڭىزنى تېخىمۇ جىمغۇر قىلىۋېتىدۇ. ئۆزىنىڭ قانداقلىقىغا ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ كەتكەن بالا تېخىمۇ بەك تارتىنچاق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. بىر كىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، بالىڭىزغا كۆرۈشكەن كىشىلەرگە ئاددىي سالام بېرىپ قويۇشنى ئالدىنئالا دەپ قويۇڭ. باشقىلار بىلەن كۆرۈشكەندە ھەرگىزمۇ بالىڭىزدىن كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلماڭ. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى بالىڭىزغا قارىتىۋالماڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالا ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلىپ، باشقىلار بىلەن

ئاستا-ئاستا يېقىنلىشىدۇ. بولسا باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا بالىڭىز ياخشى كۆرىدىغان، باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ياردەم قىلالايدىغان بىرەر ئويۇنچۇقنى بىللە ئالغاچ بېرىڭ.

## 7. بالىڭىزنى ھەممە كىشى تەڭ دىققەت قىلىدىغان بىر ئورۇنغا چىقىرىپ قويماڭ

ئۆيىڭىزگە 5 ياشلىق بالىڭىزنىڭ بوۋا-مومىلىرى كەلگەندە، بالىڭىزنى ئۇلار ئۈچۈن پىئانىنو چالدۇرۇشقا ئالدىراپ كېتىسىز. ئەمما بالىڭىزغا ئالدىن دەپ قويماي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بۇنداق ئىشنى تەلەپ قىلماڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنسىز، بالىڭىز سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ قېچىپ كېتىشى، سىزنى ئەپۇ سوراش ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇشى، ھەمدە بوۋا-مومىلىرىنى «بۇ بالا نېمانداق تارتىنچاق!» دەپ ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئورنىغا، سىز بالىڭىز بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەڭ: «سىز پىئانىنونى ئاجايىپ ياخشى چالىسىز، شۇڭا بوۋا-مومىلىرىڭىزنىڭ سىز چالغان پىئانىنونى بەكمۇ ئاڭلىغۇسى بار ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلارغا ئازراق پىئانىنو چېلىپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟» مۇشۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئالدىدا ماھارەت كۆرسىتىش ئىشىدا سىز بالىڭىزنىڭ راھەت ھېس قىلىش ئىستىكىگە ھۆرمەت قىلغان بولىسىز. بەزى بالىلار كىشىلەر ئالدىدا نومۇر كۆرسىتىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇلار پۇرسەت بولسىلا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە ئامراق كېلىدۇ. يەنە بىر قىسىم بالىلار بولسا ئۆزىنىڭ ماھارەتلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوغداپ، بىر ئىشنى قىلىشتا ناھايىتى ياخشى بولغاندىلا ئاندىن ئۆز ماھارىتىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشتىن تارتىنمايدىغان بولىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئالدىدا پىئانىنونى پەقەت ئۆزىگە چېلىپ بېرىشتىلا راھەت ھېس قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئاتا-ئانىسىغا چېلىپ بېرىشنى خالايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار خاتا چېلىپ قويسىمۇ ئاتا-ئانىسى ئۇلارنى ئالقىشلاپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا بىر چوڭ سەكرەش يۈز بەرگەندىن كېيىنلا ئاندىن پىئانىنونى باشقا كىشىلەرگە چېلىپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ.

## 8. تولا گەپ قىلىدىغان ئانا ۋە جىمغۇر بالا

بىر ئوچۇق-يورۇق ۋە بۇيرۇقۋاز ئانا بىلەن بىر جىمغۇر بالا بىرلەشسە، بالىنى تارتىنچاق قىلىپ قويۇش شەرتىنى ئەڭ تولۇق ھازىرلىغان بولىدۇ. مەن بىر قېتىم «سۇزى» (Susy) ئىسىملىك بىر 5 ياشلىق قىزنى داۋالىدىم. ئۇ بىر ناھايىتى ئەدەپلىك، ئادەم ئاسانلا يېقىنلاشقىلى بولىدىغان قىز بولۇپ، ئاپىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. مەن سۇزىدىن ماڭا دەيدىغان بىرەر ئاغرىقى ياكى مەسىلىسى بار-يوقلىقىنى سورىدىم. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ گەپ قىلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئاپىسى گەپنى تارتىۋېلىپ، ماڭا ئۇنىڭ بىر تالاي ئىشلىرىنى دەپ بەردى. مەن سۇزىدىن «سىز ھەقىقەتەن ئاپىڭىز دېگەندەكمۇ؟» دەپ سورىشىمغا، ئاپىسى گەپنى يەنە تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۇزى ئۈستىدىكى سالامەتلىك تەكشۈرۈش بولماي، ئاپىسى ئۈستىدىكى سالامەتلىك تەكشۈرۈش بولۇپ قالدى. سۇزىنىڭ ئالدىمغا يېڭى كىرگەندىكى خۇشاللىقى پۈتۈنلەي يوقاپ، ئاپىسىنىڭ ئاغزى يۇمۇلمىغانسېرى سۇزىنىڭ ئاۋازى يوقاپ، بىر جىمغۇر بالىغا ئايلىنىپ قالدى. تەكشۈرۈش ئاخىرلىشاي دېگەندە، ئاپىسى ئۇنىڭغا: «سۇزى، ئەمدى تارتىنماي، دوختۇرغا نېمە مەسىلەڭ بارلىقىنى دېگىن»، دېدى. ئەمما ئاپىسىنىڭ ۋات-ۋاتلىقى

تۆپەيلىدىن، سۆزىنىڭ ئاۋازىمۇ يوقاپ، روھىمۇ چۈشۈپ كەتتى. بىر سېستىرا سۆزىنى ئوكۇل ئۇرۇشقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەندە، ئاپىسى «دوختۇر، ئۇ ناھايىتى تارتىنچاق. مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم»، دېدى. سۆزىنىڭ ئاپىسى بالىغا ناھايىتى قاتتىق كۆيىدىغان، بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن ئانا بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ سۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قەستەن توسۇپ قويغان ئەمەس. ئۇنىڭ مىجەزى ئاشۇنداق ئىكەن. سۆزىمۇ تارتىنچاقلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولماستىن، سەل جىمغۇر بالا بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغان ئىكەن. ئەمما بۇ ئىككىيلەننىڭ مىجەزىدىكى ماسلاشماسلىق سۆزىنىڭ ئالاقە ئىقتىدارلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئاپىسىنىڭ باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىپتۇ. مەن قايسى مىجەزنىڭ «ياخشىراق» ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويماي تۇرۇپ، سۆزىنىڭ ئاپىسىغا كىشىلەرنىڭ بەزى مىجەزلىرى بالىسىدىكى بىر قىسىم ئىقتىدارلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. ھەمدە ئۇنىڭغا قىزىنىڭ ئالدىدا سەل ئۆزىنى تۇتۇۋالسا، قىزى ھازىرقىغا قارىغاندا بەكرەك ئوچۇق - يورۇق بولۇشقا باشلايدىغانلىقىنى دەپ قويدۇم. سۆزى كېيىنكى قېتىم قېشىمغا ساغلاملىق تەكشۈرۈشكە كەلگەندە، ئۇنىڭدا خېلى زور ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ قېتىم گەپنىڭ ھەممىسىنى سۆزى قىلدى، ئاپىسى بولسا قىزىنىڭ ئارقىسىدا قىزىنىڭ دېگەنلىرىنى بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللاپ ئولتۇردى.

«تارتىنچاق بالىغا ياردەم قىلىشنىڭ 8 خىل ئۇسۇلى» دېگەن ماقالىنىڭ مەزمۇنلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## ئاخىرقى سۆز

مەن مەزكۇر تېمىغا ئوخشاش يازمىلارنى قانچە كۆپ تەييارلىغانسېرى، ئۆزىمىزدىكى ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىدىكى ئىختىساسلىق كىشىلىرىمىزنىڭ نەقەدەر كەمچىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. يېقىندىن بۇيان ماڭا كېلىۋاتقان يېڭى ماقالە تەلەپلىرىنىڭ سانى ناھايىتى تېز كۆپىيىۋاتىدۇ. ماڭا ھازىرغىچە كېلىپ بولغان تېمىنىڭ سانى 30 دىن ئاشىدۇ. ئەگەر مەن ھازىرقىدەك ھەر ھەپتىسى بىردىن ماقالە تەييارلىسام، بىر يىلدا ئاران 54 پارچە ماقالە تەييارلىيالايمەن. ھازىر دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئوقۇپ، ئوقۇشلىرىنى تاماملاپ خىزمەت قىلىۋاتقان، بىرەر كەسپىي ساھەدە بىر مۇتەخەسسىس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ بولغان قېرىنداشلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس. مەن ئاشۇ قېرىنداشلارنىڭمۇ ئۆز ئىمكانىيىتى دائىرىسى ئىچىدە ۋەتەندىكىلەر ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئالدىنقى بىر پارچە ماقالىدە دوكتور ياسىر قازىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى نەقىل قىلغان ئىدىم:

**- - بىر تال شامنىڭ مەقستى ئۆزىنى كۆيدۈرۈش ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىش.**

**- - سىزدىكى بىلىملەرنىڭ مەقستى ئۆزىڭىزنىڭ قورسىقىدا ساقلىنىش ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا تارقىلىش.**

بولسا سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزنى ۋەتەندىكىلەر ھېس قىلسۇن. سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىزنى ۋەتەندىكىلەر بىلسۇن. مەن تەييارلاۋاتقان «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېما تېخى توختاپ قالمىدى. مەن ئۆزىڭىز خالىغان ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا سىزنى ۋە سىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىڭىزنى ۋەتەندىكىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆزۈم ئۈچۈن بىر خۇشاللىق ئىش، دەپ بىلىمەن. بولسا ۋەتەندىكىلەرگە خالىسانە خىزمەت قىلىش، بىلىمىنىڭ زاكىتىنى بېرىش ئىشىدا ھەممىمىز بىللە تىرىشساق. ۋەتەندىن، ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا ياشايدىغان شارائىتتىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان ھەر قانداق بىر ئادەم ئۈچۈن 1 ـ پارچە ئۇيغۇرچە ماقالىنى تەييارلاش ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ. ئەمما بۇ ئىش قىلغانسېرى ئاسانلىشىپ ماڭىدۇ. سىز ھازىرغىچە شۇنچە ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، شۇنچە كۆپ قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، دۇنيادا ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ بىرىدە يەرلىك مىللەت كىشىلىرى بىلەن رىقابەتلىشىپ، بۈگۈنكىدەك بىر يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنغا ئېرىشەلىدىڭىز. سىز ئاشۇنداق قىيىن ئىشنى قىلالىدىڭىز. شۇڭلاشقا سىز چوقۇم ئۆز بىلىمىڭىزنى خەلقىمىزگە يەتكۈزەلەيسىز. بۇ ئىش سىز بۇرۇن قىلىپ باققان ئىشلاردەك قىيىن ئەمەس. ئەمما ئۇ بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ۋاقىت جەھەتتە خېلى ئېغىر بەدەللەرنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭ ئايالىم داۋاملىق «ھازىر كومپيۇتېر سىزنىڭ 2 ـ خوتۇنىڭىز بولۇپ قالدى» دەپ ماڭا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن ئۈچۈن كومپيۇتېر مېنىڭ «1 ـ خوتۇنۇم» بولۇپ قالىدىغان ۋاقىتلار ئاز ئەمەس. شۇڭا سىزدە بۇ جەھەتتە يېتەرلىك دەرىجىدىكى ئىدىيىۋى تەييارلىق بار بولسۇن. ئويلىنىپ بېقىڭ. ھەمدە ئەمەلىي ئىش باشلاپ بېقىڭ. ئەگەر مەن بىلەن ھەمكارلىششنى خالىسىڭىز، مەن ئۇنىمۇ قىزغىن قارشى ئالىمەن. ئۇنداق ئەھۋالدا مەن بىلەن «bilim.humar@yahoo.com» ئارقىلىق ئالاقىلەشسىڭىز بولىدۇ. مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە ئاساسەن ئۆزۈم يېتىشىپ بولالمىغان تېمىنى سىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. رەھمەت!

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى:

[1] Eight Ways to Help the Shy Child
http://www.askdrsears.com/topics/parenting/child-rearing-and-development/8-ways-help-shy-child#

# بالىغىزغا سەممىيەتلىكنى ئۆگىتىڭ

2016 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

نوۋئا (Noah) مەۋسۇملۇق ماقالە يېزىش ئىمتىھانىدا چوقۇم ئەلا نەتىجە ئالمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ دوستى جېيسىن (Jason) ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ماقالىنى ئۆزلىرى يازماي، بۇرۇنقىلار يازغان ماقالىلەرنى تاپشۇرىدىغانلىقىنى، ئەگەر نوۋئا خالىسا، ئۇنىڭغا ئاكىسى 3 يىلنىڭ ئالدىدا «ئەلا» نەتىجىگە ئېرىشكەن بىر پارچە ماقالىنى بېرىدىغانلىقىنى دەيدۇ. نوۋئا بۇ ئىشنى قانداق قىلىش ھەققىدە دادىسىدىن مەسلىھەت سورىغاندا، دادىسى بالىسىنىڭ كۆچۈرمىچىلىك قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «بۇ سېنىڭ ھاياتىڭ، شۇڭا مەن ساڭا قانداق قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى دەپ بېرەلمەيمەن. بۇ سېنىڭ شەخسىي قارارىڭ»، دەيدۇ.

بىر دادىنىڭ ئۇنداق دېيىشى مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ يەردە نوۋئانىڭ دادىسى بالىسىنى ئەخلاق جەھەتتىن يېتەكلەشنى رەت قىلىپ، نوۋئانىڭ قىممىتىنى ئۆستۈرۈش پۇرسىتىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ بىر يېتەكلىگۈچى بولۇش سالاھىيىتىنىمۇ يوقاتقان. كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشتا، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئۆز ئىرادىسىنى چىڭىتىشقا توغرا كېلىدۇ. نوۋئانىڭ دادىسىنىڭ بۇ ئىشقا ئاكتىپلىق بىلەن ئارىلاشماسلىقى ۋە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن ئىستېپا بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، نوۋئانىڭ دادىسىنىڭ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى، ئۇنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى بىتەرەپلىكىنىڭ نامايەندىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىر سەممىيەتلىك بىلەن ئومۇمىي ئەخلاق بار بولسىمۇ بولىدىغان، يوق بولسىمۇ بولىدىغان نەرسە، دېگەننى جاكارلايدىغان باياناتىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ بۇ ھەر بىر ئادەم ئۆزى قارار قىلىدىغان ئىش. نوۋئادا سەممىمىي بولۇش ياكى سەممىيەتسىز بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش ياكى ئەخلاقسىز بولۇشتىن بىرىنى تاللاش ھوقۇقى بار. بۇ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئۆز تاللىشى. ئەمما بۇ يەردىكى ھەقىقىي مەسىلە بىر ئەخلاق مەسىلىسى: نوۋئا دادىسىدىن «مەن قانداق قىلسام بولار؟» دەپ سورىماي، «مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سورايدۇ. بۇ بىر ئەخلاق ھەققىدىكى سوئال بولۇپ، دادا بۇنداق سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇرسا بولمايدۇ.

ئەگەر بىز بالىلىرىمىزدىن گۈزەل ئەخلاق ئاساسىدا ياخشى قىممەت تىكلەشنى ۋە كۈچلۈك ئەخلاق يېتىلدۈرۈشنى ئىستەيدىكەنمىز، بىزدە ئۇلارغا ئاشۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش ۋە تەشەببۇس قىلىش ئىرادىسى بار بولۇشى كېرەك. بۇ بىزدىن بەزىدە «ئۇنداق قىلىش خاتا!» دېيىشنى تەلەپ قىلىدۇ.




1 ـ رەسىم: روھىمىز ناھايىتى تۆۋەنلەپ كەتكەندە، بىز تونىل (ياكى ئۆڭكۈر) نىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى نۇرنى كۆرەلمەيمىز؛ بىز پەقەت تېخىمۇ ئۇزۇن تونىلنى كۆرىمىز. ئاشۇنداق ۋاقىتتا بىز چوقۇم جاسارەت كۆرسىتىپ، ئۈمىدسىزلىك ۋە تەسلىمچىلىكنى رەت قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى بايلىقلىرىنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك. ئېتىقاد بىلەن قاتتىق ئىرادە بىرلىكتە بىر يالقۇننى ياندۇرىدۇ، ھەمدە ئۈمىد شاملى ئۇ يالقۇننى بىر كۈچلۈك ئوتقا ئايلاندۇرۇپ، بىزگە بىر چىقىش يولىنى يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. **Michael Josephson**.




2 ـ رەسىم: ئازاب ـ ئوقۇبەت چوقۇم ئاخىرلىشىدۇ، شۇڭا بەرداشلىق بېرىڭ. تونېلنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكىسى سىزنىڭ
هاياتىڭىز؛ ۋاقىتىنچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغىنى پەقەت تونېلدىنلا ئىبارەت. **Michael Josephson**.

## پايدىلىنىش مەنبەسى:

[1] Michael Josephson: « Noah's Term Paper»
http://whatwillmatter.com/2013/05/commentary-828-1-noahs-term-paper/

# باللار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم سۆپەت

2016-يىلى 8-ئاينىڭ 4-كۈنى

كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆڭلىدە مۇنداق بىر سوئال ساقلىنىدۇ: باللار كەلگۈسىدە كىشىلىك خاراكتېر، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشتا ھالقىلىق رول ئوينايدىغان ئەڭ مۇھىم مىجەز نېمە؟ كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتى (self-esteem) باللاردا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مىجەز، دەپ قارايدۇ. ئەمما 2003-يىلى ئامېرىكىنىڭ «پسىخولوگىيە ئىلمي جەمئىيىتى» ژورنىلىغا بېسىلغان بىر پارچە ئىلمىي ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتى كىشىلەرنى ياخشى تۈيغۇغا ئىگە قىلىدۇ، ئەمما بۇ دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىشلارنىمۇ ياخشى قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئاشۇ ماقالىدە بايان قىلىنغان بىر ئىلمىي تەتقىقاتتا، ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنى كۈچەيتىدىغان ھەر خىل لېكسىيىلەرگە قاتناشتۇرۇلغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئۇنداق پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇلمىغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ناچارراق چىققان .

ئاشۇ تەتقىقاتنى ئېلىپ بارغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرى باللاردا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم كىشىلىك خاراكتېرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ «ئۆزىنى كونتروللاش» ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆز-ئۆزىنى ياخشى كونترول قىلىدىغان كىشىلەر ئوقۇش، كەسىپ ۋە تۇرمۇشلۇق بولۇشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالايدۇ. «نيۇ يورك دەۋر گېزىتى» گە 2012-يىلى بېسىلغان بىر پارچە ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، بىر ئادەمنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىشىنى ئالدىن پەرەز قىلىشتا، ئۇنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنى كونتروللاش ئىقتىدارى بىر ھەسسە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۆزىنى كونتروللايدىغان باللار تاشقى بۇيرۇق ياكى تاشقىي تەھدىت يوق ئەھۋالدىمۇ ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرىدۇ. ئۇلار تاپشۇرۇق ئىشلەش، چالغۇ-ئەسۋابلارنى مەشىق قىلىش، ۋە يۈرۈش-تۇرۇشتا ئەدەپلىك بولۇش جەھەتلەردە بىرەر ئادەم كۆزىتىپ تۇرمىسىمۇ ئۆزلىگىدىن مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى ئۆگەنگەن بولىدۇ.




1 ـ رەسىم: ئۆزىنى كونتروللاش ئۇسۇلى: (1) قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختاپ، بىر چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېتىپ، بىردىن 5 كىچە ساناپ، ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىگە گەپ قىلىش. (2) ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇت بولغان تاللاشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش. (3) ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا ئەڭ ياخشى تاللاش بويىچە ئىش باشلاش.

ئۇنداقتا بالىلاردا «ئۆزىنى كونتروللاش مىجەزىنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟ بىز ھەرگىزمۇ بالىلارغا بۇنداق مىجەزنى ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان ئىشلارنى مەجبۇرى قىلدۇرۇش ئارقىلىق يېتىلدۈرمەيمىز. ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلېس شەھىرىدە پىسخولوگىيە دوختۇرلۇقى قىلىدىغان، ئامېرىكىنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرىگە بېرىپ، بالا تەربىيىسى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ نام چىقارغان دوكتور سارا تېيچمەن (Sara Teichman) بالىلاردا ئۆزىنى كونتروللاش مىجەزىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ تۆۋەندىكى ئۇسۇللىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

1) مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەكىتلەش. بالىلاردا ئويۇن قوغلىشىدىغان، ئابروي قوغلىشىدىغان، ۋە داۋاملىق باشقىلارنى يېڭىۋېلىشنى ئىستەيدىغان مىجەزلەرنىڭ يېتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ھەممە ئىشتا مەسئۇلىيەتچان بولۇش مىجەزىنى يېتىلدۈرۈش. بۇنداق مىجەزنى ھەر قېتىم بالا بىرەر ئىشتا مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلغاندا ئۇنى بىر ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە قىلىش ئارقىلىق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بالىڭىز بىر كۈنى تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ تۈگىتىشتە مەسئۇلىيەتچان بولغان بولسا، ئۇنى شۇ كۈنى ئادەتتىكىدىن سەل كەچرەك ئۇخلاشقا يول قويۇش ئارقىلىق تارتۇقلىسىڭىز بولىدۇ .

2) بالىنى ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش. مەسىلەن، بالىڭىزنى ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن

ئۇزۇن ـ مۇددەت ئاكتىپ ھالدا تىرىشمىسا بولمايدىغان بىرەر سازنى ئۆگىنىشكە ياكى بىرەر توپ كوماندىسىغا قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش.

3) بالىڭىز ئۈچۈن بىر ئۇزۇن ـ مۇددەتلىك نىشان تىكلەپ بېرىش. مەسىلەن، بالىڭىزنى بىر قانچە ئاي پۇل يىغىپ، ئاندىن يىغقان پۇلغا بىر ۋېلسىپىت سېتىۋېلىشقا ماقۇل قىلىش ئۇنىڭدا ئۆزىنى كونتروللاش مىجەزىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ بىر ياخشى ئۇسۇلى.

4) بالىغا چوڭ ئەمما يەتكىلى بولىدىغان ئۈمىدلەرنى دەپ تۇرۇش، ھەمدە بالا ئاشۇ ئارزۇلارغا يېتىش يولىدا كۆرسەتكەن ھەممە تىرىشچانلىقلارنى ماختاپ تۇرۇش. مەسىلەن، بالىڭىزنىڭ ئۆزى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان بىر دەرستىكى نەتىجىسى ئوتتۇرھاللىقتىن ياخشىلىققا ئۆزگەرسە، ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى ماختاش .

دوكتور تېچمەن يەنە مۇنداق دەيدۇ: گەرچە ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ قىممىتىنى ئىنكار قىلىش بىر خىل نادانلىق بولسىمۇ، بىز بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كىشىلىك خاراكتېرلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزلىرى توغرىسىدا ياخشى تۇيغۇغا ئېرىشىدىغان بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. يالغۇز ئۆزى ھەققىدە ياخشى تۇيغۇغا ئىگە بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بالا يەنە ياخشى ئادەم بولۇشنىمۇ ئۆگىنىشى كېرەك. ئاقىلانە ئىش قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىلا ئۇلارنى چوڭلار قاتارىغا قوشۇلغاندىن كېيىنكى ھاياتقا تەييارلايدۇ، ھەمدە ئۇلارغا ئۆزىنى كونتروللاشنى ئۆگىتىپ، بالىنىڭ كەلگۈسىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

**تولۇقلىما:**

مەن ئىشلەتكەن بىر ھالقىلىق سۆز، «مىجەز»، نىڭ توغرا تاللانماسلىقى تۈپەيلىدىن، مەن مەزكۇر تېمىدا بىر قىسىم قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك قىلىمەن.

مەن پايدىلانغان ئىنگلىزچە ماتېرىيالدا «ئۆزىنى كونتروللاش» نى سۈپەتلەيدىغان سۆزلەر ئۈچۈن ئىنگلىزچە«quality» ، «trait»، ۋە «quality trait» قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى «quality»دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «كىشىلىك سۈپەتلەر» دىكى «سۈپەت» نى كۆرسىتىدۇ . «trait»بولسا يۇلغۇن لۇغىتىدە «ئالاھىدىلىك، خاراكتېر، پەزىلەت» دەپ ئىزاھلىنىپتۇ. مەن ھازىرغىچە ئىنگلىزچە «personal trait» دېگەن سۆزنى «كىشىلىك مىجەز» دەپ چۈشىنىپ كەلگەن بولغاچقا، مەزكۇر ماقالىدا «مىجەز» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن ئىدىم. يۇقىرىدىكى ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، مەن ئەسلىدە «كىشىلىك سۈپەت» دەپ ئالغان بولسام توغرا بولار ئىكەن. شۇڭلاشقا ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمەن.

مەزكۇر ماقالىدا تەسۋىرلەنگىنى پىسخولوگىيە ئىلمىدا ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ۋە مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە مۇتەخەسسىسلەر ۋە مەزكۇر تېما ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىلمىي تەجرىبە ئېلىپ بارغان كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ خەلقئارادىكى داڭلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان

بايانلىرى بولغاچقا، مەن تورداشلارنىڭ بۇ ماقالىدىكى مەزمۇنلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنى، ۋە ئىلمىگە ھۆرمەت قىلىشىنى سورايمەن.

قىسقىسى، بىر بالىدا ياكى بىر ئادەمدە «ئۆزىنى كونتروللاش» تىن ئىبارەت كىشىلىك سۈپەتنى تەربىيە ئارقىلىق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئۆزۈمدە بۇنىڭغا ئىسپات بولىدىغان خېلى كۆپ ئەھۋاللار بار ئىدى. ئەمما بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزۈمنى مەزكۇر ماقالىدا ئۇ ئەھۋاللارنى بايان قىلىشتىن تارتتىم.

# بىرىنچى رول ئوقۇتقۇچىلىق، ئىككىنچىسى ئاتا ـ ئانىلىق

2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

ئامېرىكىدىكى داڭلىق ۋاسكېتبول تىرېنېرى جون ۋۇدېن (John Wooden) ئۆزى تىرېنېرلىق قىلغان ئەڭ ئاخىرقى مۇسابىقە ھەققىدە «بۇ مەن ئوقۇتقان بىردىن ـ بىر مۇسابىقە» دېگەندە، .كىشىلەر ئۇنىڭدىن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جون مۇنداق دەيدۇ: بىر تىرېنېرنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم رولى ئوقۇتقۇچىلىق. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى يالغۇز قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تەنتەربىيە ماھارەتلىرىنى ياخشىلاش بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى ياخشىراق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش. جون ھەقىقەتەنمۇ بىر ئادەتتىن تاشقىرى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆچمەس تەسىرى يالغۇز چېمپىيون بولغان مۇسابىقىلەردىلا ئەمەس، يەنە توپچىلارغا سىڭدۈرگەن قىممەت قاراشلىرىدا نامايان بولىدۇ.

خېنرى ئەدەمس (Henry Adams) مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇتقۇچىلار بارلىق ئەدەبىيلىككە تەسىر كۆرسىتىدۇ.» باشقىلاردىن تەربىيە ئالغان كىشىلەر يەنە يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق مىراسلىرىنى كۆپەيتىپ ماڭىدۇ. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بىزنىڭ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە تىرېنېرلەرنى تاللاش ۋە ئۇلارنى تارتۇقلاش ئۇسۇلىمىز ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كىشىلىك خاراكتېرلىرىنى ۋە مەنزىللىرىنى ئۆزگەرتىشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى نەقەدەر قەدىرلىمەيۋاتقانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .



1 ـ رەسىم: ئاتا ـ ئانا پەرزەنتنىڭ 1 ـ ئوقۇتقۇچىسى.

ئۈنىڭدىنمۇ يامان بولغىنى شۇكى، بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم رولى ئوقۇتقۇچىلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتىمىز. بالىنى ياخشى تەربىيىلەش يالغۇز ئۇنى يېمەكلىك ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشنىلا ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئۇ بالىدا ياخشى قىممەت قاراشلىرى بىلەن ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش، ئۇنىڭغا توغرا بىلەن خاتانىڭ پەرقىنى بىلدۈرۈش، ھەمدە ئۇنۇملۇك ۋە ئەخلاقلىق ياخشى قارارلارنى قانداق ئېلىشنى ئۆگىتىش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ھەر ۋاقىت دىققەت بېرىپ، ئۇلارنى ھەقىقىي تۇردىكى ياخشى تۇرمۇشقا، يەنى مەقسىتى، مەنىسى ۋە قىممىتى بار تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇشقا ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاتا قىلىشى كېرەك. يەنى، بىز بالىمىزغا ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان ئەڭ ياخشى ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىتىشىمىز، بالىمىزنى ئاشۇ ئادەمدەك ئىش تۇتۇشقا ئىنتىلدۈرۈشىمىز ۋە قىستىشىمىز، ھەمدە بالىمىزغا ئۆزىمىز ئۈلگە بولىشىمىز كېرەك.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] Parents Are Teachers First
http://whatwillmatter.com/2013/07/commentary-836-1-parents-are-teachers-first/

# باللاردا مەسئۇلىيەتچانلىق سۈپىتىنى يېتىلدۈرۈش

2016-يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى

يېقىندا بىر ئىنىمىز ماڭا ئۆزىنىڭ يەھۇدىلار، ياپونلار ۋە گېرمانلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى ھەققىدە كىتاب ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، مەندىن بۇ ئىشتا ياردەم سورىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تورلارنى ئىزدەپ، يەھۇدىلارنىڭ بالا تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە مۇتەخەسسىسلەر تەييارلىغان ياخشى ماقالىلەردىن بىر قانچىنى ئۇچراتتىم. ھەمدە ئالدىنقى ھەپتە «باللار ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم مىجەز (سۈپەت)» دېگەن ماقالىدە ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىش كىشىلىك سۈپىتى ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، باللارنىڭ ئۆزىنى كونتروللاش كىشىلىك سۈپىتى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە كىشىلىك خاراكتېر، ئوقۇش بىلەن خىزمەت، ۋە ئىجتىمائيي مۇناسىۋەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىشىدا ھالقىلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم.

مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرغىچە بولغان ھاياتىدا يەھۇدىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يەھۇدىلارنى كەمسىتىدىغان ئىش يۈز بەرگەندە، ئۇنى كىم (قانداق ئادەم، قانداق تەشكىلات، قانداق مەتبەئە ئورنى، قانداق مىللەت ۋە قانداق دۆلەت) قىلغانلىقى، ۋە قەيەردە قىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن يەھۇدىلار ناھايىتى ياخشى ئويۇشۇپ، ناھايىتى ياخشى ماسلىشىپ، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، كەمسىتكۈچىگە چۆچۈگۈدەك ۋە پۇشايمان يېگۈدەك دەرىجىدە زەربە بېرىدىغانلىقىنى كۆپ كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم. ھازىر ئويلاپ باقسام، ئەسلىدە يەھۇدىلار ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىش، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش، ۋە ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش كىشىلىك سۈپىتىنى باللىرىدا كىچىك ۋاقتىدىلا يېتىلدۈرىدىكەن. يەھۇدىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئاشۇنداق بىر ئاڭغا ئىگە بولىشىنى ئۇلارنىڭ بالا تەربىيىسىنى ھەممەيلەن تەكشى ھالدا ناھايىتى سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ياپونلار ۋە گېرمانلاردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت.

مەن مەزكۇر ماقالىدا باللاردا مەسئۇلىيەتچانلىق سۈپىتىنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمەن. مېنىڭ بۇ قېتىم پايدىلانغىنىم بىر يەھۇدىدىن بولغان مۇتەخەسسىس تەييارلىغان «يەھۇدىلارنىڭ باللارنى مەسئۇلىيەتچان قىلىپ تەربىيىلەشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرى» دېگەن ماقالىسى. ماقالىنىڭ ئاپتورى بىر يازغۇچى، لېكسىيەچى ۋە تەشكىلاتلار دىنامىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئىكەن. ئۇ داۋاملىق يەھۇدىلار ھەققىدە ماقالە يېزىپ ئېلان قىلىپ تۇرىدىكەن.

تۆۋەندىكىسى مەزكۇر ماقالىنىڭ رەسمىي مەزمۇنلىرى.




1 ـ رەسىم: بالىلاردا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك بىر قىسىم مۇھىم كىشىلىك سۈپەتلەر

ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، كىچىك ۋاقتىدا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولالمىغان بالىلار چوڭ بولغاندا ئىغىر مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ھەددىدىن زىيادە قاتتىق قوغداپ چوڭ قىلغان بالىلار چوڭ بولغاندا ئاسانلا ئەنسىرەش ۋە چۈشكۈنلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئۇلاردا بىر ئىش ھەققىدە قارار ئېلىش ۋە ھەر خىل تاللاشلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىنى تاللاشقا ئوخشاش تۇرمۇشتا زۆرۈر بولغان ماھارەتلەر كەم بولىدۇ. ئۆز نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۆزلىرىدە بار بولغان قابىلىيەتلەر توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. كىچىگىدىنلا ئۆز ئالدىغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئەركىن چوڭ بولغان بالىلاردا بولسا يۇقىرىدىكىدەك ئىشلار كۆپ ئاز ئۇچرايدۇ.

ئىسرائىلىيىدە بالىلارنىڭ ئەركىن چوڭ بولىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھىتلار تولۇق بار. ئۇنىڭدىن باشقا، يەھۇدىلاردا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مەدەنىي نىزامىمۇ بار. بالىلارنى قەدىرلەش، بالىلارنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلدىغان ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيىلەش ئۇزۇن مۇددەتلىك يەھۇدى ئەنئەنىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. تەۋراتنىڭ رەبىبلىرى ھەممە دادىلاردىن ئوغلىغا كەم دېگەندە بىر خىل سودىنى ئۆگىتىش، ھەمدە ئوغلىغا چوقۇم سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. بالىسىغا مۇستەقىل ئىش قىلىشنى ئۆگىتىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، سۇ ئۈزۈش مۇستەقىل ئىش قىلىشنىڭ بىر ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر. يەھۇدىلار ئۈچۈن بالىسىغا بىر يات مۇھىتتا ۋە بىر خەتەرلىك مۇھىتتا ياشاش، ھەر خىل ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماھارەتلەرنى ئۆگىتىش ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋەزىپىسى.

بۇنداق ماھارەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى باشقىلارغا مەسئۇل بولۇش ئارقىلىق ئۆگەنگىلى بولىدىغان بولۇپ، يەھۇدى بالىلىرى ئاشۇنداق مەسئۇلىيەتلەرنى ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، يەھۇدى ئائىلىلىرىدە بىر 10 ياشلىق بالا ئۆزىنىڭ

ئىنىسى ياكى سىڭلىسىدىن خەۋەر ئالىدىغان، ئۇلارغا تاماق يېگۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ پوق لاتىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغىچە قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىنىسى ياكى سىڭلىسى يوق بالىلارغىمۇ يەھۇدى دىنى تەلەپلىرى بويىچە باشقا بىر قىسىم مەسئۇلىيەتلەر بېرىلىدىغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قانۇنىي جەھەتتىنمۇ مەسئۇل بولىدۇ.

يەھۇدى بالىلىرىغا ئاتا-ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەش جەھەتتىمۇ بىر قىسىم ئالاھىدە مەسئۇلىيەتلەر يۈكلەنگەن. بۇ ھەقتە يەھۇدى قانۇنلىرى توپلىمى (Talmud) تىمۇ مەخسۇس بەلگىلىمىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئاتا-ئانىلارغا ماددىي ياردەم قىلىش، ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ بېرىش، دادىسىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇۋالماسلىق، ۋە ئاپىسىنىڭ سۆزىنى باشقىلار ئالدىدا تۈزەتمەسلىك قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەھۇدىلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە بالىلار ئاتا-ئانىسىنى ئەركىلىتىپ، ئاتا-ئانىلار بالىسىنى ئەركىلەتمەيدۇ. يەھۇدىي قانۇنىدا ئەنە شۇنداق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەركىلىتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ قانۇن بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلارنى ئەركىلىتىشى بىلەن ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنى ئەركىلىتىشى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

يەھۇدىي مەدەنىيىتى ھوقۇق ياكى ئالاھىدە ئىمتىياز ئاساسىغا ئەمەس، مەجبۇرىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان. كېسەل يوقلاش، ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىش، ئۆلۈملۈك بولغانلارغا تەسەللىي بېرىش، ۋە تويلاردا ئۇسۇل ئويناش قاتارلىق ئىشلار يەھۇدىي بالىلىرى ئۈچۈن ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، بالىلاردىن ئاشۇنداق ئاممىۋىي مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بالىلار ئەنە شۇنداق ئىش-پائالىيەتلەر ئارقىلىق كىشىلەر تۇرمۇشتا بەزىدە ياخشىلىققا ۋە بەزىدە يامانلىققا يولۇقىدىغانلىقىنى، ھەمدە بارلىق كىشىلەر ئۆز-ئارا ياردەمگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. بالىلارغا بۇنداق ئىشلارنى دەرسخانىدا ئۆگەتكىلى بولمايدۇ. بالىلار ئۇلارنى چوقۇم ئەمەلىيەتتىن ئۆگىنىشى كېرەك. قىسقىسى، يەھۇدىلار بالىلىرىنى پارنىكتا ئۆستۈرگەن ئۆسۈملۈكتەك چوڭ قىلمايدۇ. ئۇلار بالىلىرىنى مەقسەتلىك ھالدا ھاياتتىكى ياخشى ئىشلار بىلەن يامان ئىشلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، بالىلاردا ھاياتتا دۇچ كېلىدىغان ھەر خىل ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ماھارەتلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئاشۇنداق ماھارەتلەر ئىچىدىكى بىر ئەڭ مۇھىم ماھارەت باشقىلارغا ئىشىنىش قابىلىيىتى بولۇپ، يەھۇدىي بالىلىرى زۆرۈر بولغاندا باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بىر ساغلام جەمئىيەتنى باشقا جەمئىيەتلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان نەرسە شۇكى، ساغلام جەمئىيەتتە بالىلارغا يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەركىنلىك، مەسئۇلىيەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. بالىلارنى ئاشۇنداق نەرسىلەرگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىز بالىلار ئۈچۈن بىخەتەر مۇھىت بەرپا قىلىپ بېرىشىمىز، خىزمەتچىلەرگە ئائىلىسىدىكىلەردىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدىكى ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىمىز، ھەمدە مائارىپنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] A Jewish Lesson in Raising Responsible Children
http://www.haaretz.com/jewish/the-jewish-thinker/.premium-1.673575

# باللارنى ئەقىللىق قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولامدۇ؟

2016 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىسى بالىسىنىڭ ئەقىللىق تۇغۇلۇشىنى، ۋە ئەقىللىق ئادەم بولۇپ چوڭ بولىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما، ئەقىللىق بالىلار باشتىنلا ئەقىللىق تۇغۇلامدۇ، ياكى ئۇلارنى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەربىيە ئاشۇنداق قىلامدۇ، دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلمەيدىغان ئاتا - ئانىلار ئاز ئەمەس.

مەن بۇ يەردە ئالدىن ئەسكەرتىپ قويىدىغان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، ھەممە كىشىلەر، جۈملىدىن ھەممە بالىلار، مەلۇم دەرىجىدىكى ئەقىلگە ئىگە بولىدۇ. مەن مەزكۇر ماقالىدا ئىشلىتىدىغان «ئەقىللىق بالىلار» دېگەن سۆز ئەقىللىق دەرىجىسى ئوتتۇراھال كىشىلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بالىلارغا قارىتىلغان .

ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان «ئەقىللىق بۆلۈنمىسى» (Intelligence Quatient) دېگەن بىر بىرلىك بار بولۇپ، ئۇ قىسقارتىلىپ «IQ» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ بىرلىك بويىچە ئۆلچەملىك سىناق ئېلىپ بارغاندا، ھەر بىر ياش گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە IQ نومۇرى 100 دەپ ئېلىنىدىغان بولۇپ، مۇشۇنداق قىلغاندا ھەر بىر ياش گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەر ئېرىشكەن نومۇرنىڭ «ئۆلچەملىك ئېغىشى» (standard deviation) ئاساسەن 15 بولۇپ چىقىدۇ. يەنى، 68.2 پىرسەنت كىشىلەرنىڭ نومۇرى 85 بىلەن 115 نىڭ ئارىلىقىدا چىقىدۇ. ھەمدە ھەر بىر ياش گۇرۇپپىسىدىكى 95 پىرسەنت كىشىلەر ئېرىشىدىغان نومۇر 70 بىلەن 130 نىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. 1954 - يىلى ئامېرىكىدىكى بىر پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسى نيۇ يورك شەھىرىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈستىدىن ئۆلچەملىك سىناق ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ IQ نومۇرىنى ئۆلچەپ چىققان. نەتىجىدە IQ نومۇرى 170 تىن يۇقىرى ئوقۇغۇچىلاردىن 28 كىشى تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 24 ئوقۇغۇچى يەھۇدى بولۇپ چىققان. بىر قىسىم ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، يەھۇدىيلارنىڭ IQ نومۇرى دۇنيادىكى باشقا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرىدىن 15 نومۇر يۇقىرى ئىكەن. يەنى، دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە IQ نومۇرى 100 بولسا، يەھۇدىيلارنىڭ ئوتتۇرىچە IQ نومۇرى 115 ئىكەن.

ئۇنداقتا بىر بالىنىڭ ئەقىللىق بولىشىنى نېمە بەلگىلەيدۇ؟ مەدەنىيەتمۇ، گېنمۇ، ياكى باشقا نەرسىمۇ؟ تاكى 1980 - يىللارغا كەلگىچە مېڭە كېسەللىكلەر ئالىملىرى ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى بىلەن ئەقلىنى گېنلار ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. ئەمما، 1980 - يىللىرىغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بېركېلىي

شۆبىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى دوكتور مەرىئەن دىئاموند (Marian Diamond) نىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بىر گۇرۇپپا ئالىملار ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىگە مېڭىنى قوزغىغۇچى مۇھىتلار ناھايىتى كۈچلۈك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار مېڭىنى قوزغاش ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ مېڭە ئىلمى ساھەسىدىكى بىر ئىنقىلاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بىر ئادەمنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى ئاشۇ ئادەمنىڭ گېنلىرى بىلەن تاشقى مۇھىتتىن كەلگەن قوزغىتىش تەسىرى بىرلىكتە بەلگىلەيدۇ. گېنلار مېڭە ۋە ئۇنىڭ ھۈجەيلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى بولسا مۇھىتنىڭ قوزغىتىشى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق قوزغىتىشنىڭ تەسىرى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى 3 يىل ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ.




1 ـ رەسىم: بالىلارنى ئەقىللىق قىلىپ تەربىيىلەش ئۇسۇلى

دۇنيادا ئىقتىسادىي كۈچ، سىياسىي كۈچ، ھەربىي كۈچ، ئىجتىمائىي كۈچ، ۋە جىسمانىي كۈچ قاتارلىق كۆپ خىلدىكى كۈچلەر مەۋجۇت. ئەمما، ئەقلىي كۈچ باشقا بارلىق كۈچلەرنىڭ ئانىسى. يەھۇدىيلار بۇ ھەقىقەتنى باشقىلاردىن كۆپ بۇرۇن بىلىۋالغان. شۇڭلاشقا ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ تاكى يېقىنغىچە ھەربىي قۇرال، ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە ئىسپورتلارغا ئوخشاش ئىشلارغا قىلچىمۇ ئەھمىيەت بەرمەي، ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى بالىنىڭ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاراتقان. بارلىق مەبلەغنى ئەقلىي تەرەققىياتقا سالغان. خرىستىئانلار ئوقۇغان ۋە ساۋاتلىق بولغان كىشىلەردىن ئەنسىرەپ، پەقەت ئاق ـ سۆڭەكلەرنىڭلا ساۋاتلىق بولۇشىغا يول قويۇپ، باشقا بارلىق خەلقنىڭ ساۋاتلىق بولۇشىنى چەكلەپ يۈرگەندە، يەھۇدىيلار ئۆز ئىچىدە ئومۇمىي خەلق ساۋاتلىق بولۇش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، بىر ـ بىرىنى ئوقۇتۇش بىلەن ئالدىراش ئۆتكەن. بالىلىرىغا كىتاب

ئوقۇشنى ئۆگىتىپ، يەر شارىدىكى ئەڭ ساۋاتلىق مىللەتكە ئايلانغان. خرىستىئانلار خەلقلەرنىڭ ساۋاتسىز ھالەتتە تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە قارىغۇلارچە بوي سۇنۇشىنى ئىستىگەن بولسا، يەھۇدىلار ئەقلىي ئەركىنلىك ياكى زىيالىيلىق ئەركىنلىكىنى يولغا قويغان. يەھۇدىلار ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ۋە چوڭلار ئۆز-ئارا ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر مۇھىم قىسمىغا ئايلانغان. ئەنە شۇنداق ئەنئەنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھازىر يەھۇدىلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدىكى ئادۋۇكاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ نىسبىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىۋاتىدۇ .

يەھۇدىلارنىڭ نوپۇس سانى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە يېقىن كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئاران 0.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما، ھازىرغىچە 850 دىن كۆپرەك كىشىلەرگە نوبېل مۇكاپىتى بېرىلگەن بولۇپ، يەھۇدىلار ئاشۇ كىشىلەرنىڭ 20 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ .

بىر يەھۇدىي زىيالىيسى مۇنداق دەپ يازغان: جۇدائىزم (يەھۇدى دىنى) دا «شېما» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەڭ داڭلىق ناماز بار بولۇپ، ئۇنىڭدا «بالىلىرىڭغا ياراتقۇچىنىڭ قانۇنلىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەت»، دېگەن سۆز بار. مۇشۇ بىر قانچە ئاددىي سۆزلەر بىلەن ياراتقۇچىمىز بىزگە مېڭىنىڭ ئەقلىي كۈچ-قۇدرىتىنى قانداق ئېچىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن. ئەمەلىيەتتە ياراتقۇچىمىز ئاشۇ سۆزلەرنى يەھۇدىلارنىڭ نامىزىغا قوشۇپ قويۇش ئارقىلىق، بىزگە ناھايىتى ئەقىللىق كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن بەرگەن. بىزنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز بالىلارغا ياراتقۇچىنىڭ قانۇنلىرىنى ئۆگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇلارغا تەۋراتنى ئوقۇپ بېرىش ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن بارلىق يەھۇدىي ئاتا-ئانىلار كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئايلانغان. ئەمما «شېما» نامىزىدا بالىلار قانچە ياشتا كىتاب ئوقۇشنى باشلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بىرەر كۆرسەتمە بېرىلمىگەن. يەنى، ياراتقۇچىمىز بۇ ئىشتا سۈكۈتتە تۇرۇش يولىنى تاللىغان. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىش جەريانىنى بالىلىرى ئەمدىلا ماڭغان ۋە ئەمدىلا سۆزلىگەن ۋاقىتتىن باشلاپلا ئېلىپ بارغان، يەنى ئۇلار بىر-ئىككى ياشقا كىرگەن ۋاقىتتىلا باشلىغان. يەھۇدىلارنىڭ ئەجدادلىرى بالدۇر كىتاب ئوقۇشنى باشلاشنىڭ پايدىسى ھەققىدىكى ئىلمىي ئاساسلارنى ئۇ چاغدا ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگەن، ئەمما ئەمەلىيەتتە بالدۇر كىتاب ئوقۇشنى باشلاش مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كاتازىلاتورى بولىدۇ («كاتازىلاتور» نىڭ مەنىسى: ئۆزىدە مەڭگۈلۈك خېمىيىلىك ئۆزگىرىش ياسىماي تۇرۇپ، بىر خېمىيىلىك رېئاكسىيىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىدىغان ماددا). مېڭىنى قوزغىتىش ئۇسۇللىرى ئىچىدە كىتاب ئوقۇش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىتاب ئوقۇش بالىلارنى تەپەككۇر قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان بولۇپ، تەپەككۇر قىلىش بولسا ئەڭ ياخشى مېڭىنى چېنىقتۇرغۇچى تەنھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېڭىدىن ماڭغان بالا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەنسە، ئاجايىپ سېھرىي ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ، دەسلەپكى 3 يىل ئىچىدە بالىغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىش، ئاندىن ئاتا-ئانىلار بالىغا كىتاب ئوقۇغۇزۇپ، ئۆزلىرى ئاڭلاپ بېرىش كېرەك. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش بىلەن بالىنى ئۆزىگە كىتاب ئوقۇپ بەرگۈزۈشنىڭ ئاسمان-زېمىن پەرقى بار. يەھۇدىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش، مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىش مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ ئەقىل جەھەتتە روناق تېپىشىنى زۇرۇر قوزغىتىش

مۇھىتى بىلەن تەمىنلىگەن. يەھۇدىلارنىڭ باشقىلاردىن ئەقىللىق بولىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.



2 ـ رەسىم: نېمشقا يەھۇدىيلار ئەقىللىق؟

مېڭىنى چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خۇددى بەدەن قۇرۇش مەشىقلىرى ئارقىلىق بەدەننىڭ ئوخشىمىغان قىسىملىرىنى ئۆزى ئارزۇ قىلغان شەكىلگە ماس كەلتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئوخشاش. ئەگەر يېتەرلىك دەرىجىدە بەدەن چېنىقتۇرسىڭىز، سىزنىڭ مۇسكۇللىرىڭىز بارغانسېرى چوڭ ۋە بارغانسېرى كۈچلۈك بولۇپ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ بىر يېڭى ئۇقۇم ئەمەس. ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مەزكۇر ماقالىدا بايان قىلىنىغان يېڭىلىق شۇكى، ئالىملار كىچىك باللارنىڭ مېڭىسىنى قوزغىتىش ياكى چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئەقلىي كۈچىنى خۇددى ئادەم مۇسكۇللىرىغا ئوخشاشلا تەرەققىي قىلدۇرغىلى، باللارنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى .

ئەگەر بىز باللىرىمىزغا ھەر كۈنى 10 مىنۇت مېڭىنى قوزغىتىش مەشىقى ئېلىپ بارساق، باللىرىمىزنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان IQ نومۇرى ئوتتۇراھال دەرىجىگە يېتىدۇ، دەيلى. ئۇنداقتا ئۇ مەشىقنى ھەر كۈنى بىر سائەت ئېلىپ بارساقچۇ؟ ئىككى سائەتچۇ؟ ئۈچ سائەتچۇ؟ مەشىقنى ھەر كۈنى 3 سائەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بالىمىزنى IQ نومۇرى 200 دىن ئاشىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقىللىق باللاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىلدۈرەلەيمىزمۇ؟ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق بالىمىزنى باشلانغۇچ سىنىپىغا تەييارلىق كىرگەندە 5 ـ سىنىپ بالىلىرىنىڭ سەۋىيىسىدە كىتاب ئوقۇيالايدىغان قىلالايمىزمۇ؟ مەن بۇ قېتىم پايدىلانغان ماقالىنىڭ يەھۇدىي ئاپتورىنىڭ دېيىشىچە ئاشۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىكەن. بالا مېڭىسى تەرەققىياتىنىڭ ۋە بالىنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى چېكى مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن.

ئەقىللىق كىشىلەر كىتاب ئوقۇشنىڭ ۋە بىلىمنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن قەدرى ـ قىممىتىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار كىتابنى كۆپ ئوقۇپ، بىلىمنىمۇ كۆپ ئىگىلەيدۇ. بۇ جەريان ئۇلارنى

تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىدۇ. بۇ بىر ئەجايىپ ئايلىنىش جەريانىدۇر. بىزنىڭ بىر مىللەت سۈپىتىدە ئەقلىي دەرىجىمىزنىڭ قانداق بولىشىنى ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلار 4 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىپ كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەتكەنلىكى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك ۋاقىتلىرىنىڭ قانچىلىك قىسمىنى مەبلەغ قىلىپ سالغانلىقى بەلگىلەيدۇ. ھەمدە بىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىمىزنىڭ قانداق بولىشىنى بىزنىڭ ئەقىللىق دەرىجىمىز بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، خۇددى مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك، ئەقلىي كۈچ بارلىق كۈچلەرنىڭ ئانىسى. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى يەھۇدىلاردۇر.

مېنىڭ ئىككى بالام بار. ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بىلەن ھازىرغىچە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلارغا خېلى مۇۋاپىق ئىسپات بولالايدۇ. ئەمما، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزۈمنى بالىلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى بۇ يەردە بايان قىلىشتىن تارتتىم (ئۇ ئەھۋاللارنىڭ بىر قىسمى ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى يازمىلىرىدا بايان قىلىنغان).

كاللا بىلەن ئىش قىلماي، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش جەھەتتە بىزنىڭ يەھۇدىلاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. يەھۇدىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويغىنىغا نەچچە مىڭ يىل بولدى. ئەمما ئۇيغۇرلار ئىچىدە بالا تەربىيىسىنىڭ بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئەڭ مۇھىم ئىلىملارنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنمەيدىغان، بالا تەربىيىسىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئاتا-ئانىلار ھازىرمۇ ناھايىتى كۆپ. مەن ھازىرغىچە تورلارغا چىقارغان ماقالىلار ئىچىدە بالا تەربىيىسى ھەققىدىكى ماقالىلارنى ئوقۇيدىغانلار ئەڭ ئاز بولىۋاتىدۇ. مەن ئالدىنقى قېتىم باغداش مۇنبىرىگە يوللىغان «بالىلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق سۈپىتىنى يېتىلدۈرۈش» دېگەن ماقالىنىڭ چېكىلىش سانى 600 قېتىمغىمۇ بارمىدى. مەن بىر ئىنسان بولغاچقا، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۆزۈمنىڭ ئەجرىگە ئۆزۈمنىڭ بىر ئاز ئىچى ئاغرىيدۇ. ئەمما ئاغرىنىپ تاشلاپ قويساق، ۋە ئۈمىدسىزلىنىپ ۋاز كەچسەك، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۆزلىكىدىن ياخشىلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى تېخىمۇ ناچارلىشىدۇ. شۇڭلاشقا مەن قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشىشنى داۋاملاشتۇرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بالا تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىشتا، ۋە ئىلمىي يۇسۇندىكى بالا تەربىيىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتە ئىمكانىيىتى بار باشقا بارلىق قېرىنداشلارنىڭمۇ تولۇق ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# گېرمان بالىلىرىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ـ ئۆزىگە تايىنىش

2016 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

مەن يېقىندا گېرمانلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۆز ـ ئۆزىگە تايىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتىكى بەزى ئۇسۇللىرىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. مەزكۇر يازمىدا مەن ئاشۇ ئۇسۇللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن. مېنىڭچە بۇ يەردە تونۇشتۇرۇلىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بەزىلىرىنى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلارمۇ ياخشى بىلىدۇ، ھەمدە ئۆز ئەمەلىيىتىدە قوللىنىدۇ. ئەمما، ئوخشىمايدىغان يەرى ئۇ ئۇسۇلنىڭ پۈتۈن گېرمانىيىدە ئومۇملاشقانلىقى، ئۇنى بارلىق گېرمانلار بىر مىللەت سۈپىتىدە باراۋەر قوللىنىدىغانلىقى بولۇپ، بۇ ئەھۋالنى گېرمانلارنىڭ ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

### ئۈچ ياشقا كىرگىچە تەپكۈسى (پېدالى) يوق ۋېلسىپىتنى ئۆگىنىش

گېرماندا ئايىغى چىققان بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردىن تەپكۈسى يوق ۋە يۆلەنچۈك چاقلىرى يوق ۋېلسىپىتى بار بولۇپ، بالىلار 3 ـ 4 ياشقا كىرگىچە ئاشۇنداق ۋېلسىپىتنى مىنىشنى ئۆگىنىپ بولىدۇ. يەنى، يەرگە تېپىپ مىنىدىغان ۋېلسىپىتنى ئۆگىنىپ بولىدۇ. گېرمانلارنىڭ قارىشىچە بالىلار دەسلەپتە ئاشۇنداق ۋېلسىپىت بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ئۆگەنسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار نورمال ۋېلسىپىتنى مىنىشنى ئۆزلىكىدىن بىلىپ كېتىدۇ. گېرمانىيىدە نورمال ۋېلسىپىتنى ئۆزى مۇستەقىل مېنىپ يۈرگەن 3 ـ 4 ياشلىق بالىلارنى ھەر يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.



1 ـ رەسىم: تەپكۈسى ۋە يۆلەنچۈك چاقلىرى يوق ۋېلسىپىت.

## كىچىك بالىلارغا ئۆزىگە تايىنىشنى ئۆگىنىش

بېرلىندا ياشايدىغان لۇيىسا (Luisa) خانىمنىڭ بىر 2 ياشلىق ئوغلى بار بولۇپ، بىر كۈنى يەسلىدىكى ئاتا-ئانىلار كۆرۈشۈشىگە بارغاندا، مۇئەللىم ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «بالىڭىز ئۆزىنى قوغداشنى تېخىمۇ ياخشىراق ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ھازىر باشقا بالىلار كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇقلارنى ئېلىۋالسا، بالىڭىز قاراپ تۇرىدۇ.» لۇيىسا خانىم «بۇ دېگەن ھەمبەھىرلىنىش ئەمەسمۇ؟»، دېسە، ئوقۇتقۇچى «ئوغلىڭىز ياكى ئويۇنچۇقنى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك، ياكى باشقا بالىلار بىلەن ئېلىشىشى كېرەك. بىز ئوقۇتقۇچىلار ھەممە جەڭلەرنى بالىڭىز ئۈچۈن قىلىپ بېرەلمەيمىز.» گېرمانلار ئەنە شۇنداق بالىلىرىنى ئۆز-ئۆزىگە تايىنىدىغان، ئۆز ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. لۇيىسا خانىمنىڭ ئۆيىگە بالىسى بار دوستلىرى كېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى مېھمان بالىنىڭ ئويۇنچىقىنى ئېلىپ ئوينىسا، ئۇ مېھمان بالىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا: «ئويۇنچىقىڭنى قايتۇرىۋال. سەن ئويۇنچۇقىڭنى باشقىلارنىڭ ئوينىشىنى خالىمايتتىڭغۇ؟ ماڭ، ئويۇنچۇقىڭنى قايتۇرۇۋال!» دەيدۇ. مېھمان خانىم بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىزمۇ خاپا بولغان ھالدا دېمەيدۇ. ھەرگىزمۇ لۇيىسا خانىم بىلەن تېپىشىپ تۇرۇپ دېمەيدۇ. ھەرگىزمۇ پەسكەشلىك قىلىپ دېمەيدۇ. يۇقىرىقىدەك قىلىش گېرمانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇلار بالىلىرىنى ئۆز ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

## باشلانغۇچتىلا مەكتەپكە ئۆزى بېرىپ-كېلىش

گېرمانلارنىڭ بالىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپتىلا مەكتەپكە پىيادە ياكى ۋېلىسىپىتتا ئۆزى بېرىپ كېلىدۇ. بازارغا ئۆزى يالغۇز بېرىپ، ئۆيىدىكىلەرگە تاماق سېتىۋېلىپ ئەكىلىدۇ. بالا 8-9 ياشلارغا كىرگەندە، ئاتا-ئانىلار بالىسىنى چوڭ جەھەتتىن يېتەكلەپ، كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بالىسى ئۆزى قارار قىلىپ، ئۆزى قىلىشقا قويۇپ بېرىدۇ. گېرمانلار بالىلاردىكى مۇستەقىللىقنى ئالقىشلايدۇ ۋە مەدھىيىلەيدۇ. بالىلىرىنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشىنى توسمايدۇ. بالىسىنى ئۆز-ئۆزىگە تايىنىدىغان قىلىش ئۈچۈن بالىسىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا يول قويىدۇ، ۋە بالىسىغا ئىشىنىدۇ.




2 ـ رەسىم: بالىلاردا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم كىشىلىك سۈپەتلەر.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] 20 Surprising Things about Parenting in Gérmany

http://cupofjo.com/2014/07/20-surprising-things-about-parenting-in-gérmany/

# بالا تەربىيىسى ۋە كىملىك

2016 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

مېنىڭ كۆزىتىشىمچە ھازىر تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدە مىللىي كىملىكنى يېڭى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى خىرىسقا دۇچ كەلدى. بۇ جەھەتتە بۇرۇن ئۈنۈم بەرگەن ئۇسۇللار ھازىر ئۈنۈم بەرمەس بولۇپ قالدى. مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش سۈرئىتى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە تېزلەشتى. مېنىڭچە بۇنداق بولۇشتىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇ ئەللەردىكى مىللەتلەر ئۈچۈن مىللىي كىملىكنى ساقلاشنىڭ ئانچە زور قىممىتى قالمىغانلىقىدىن ئىبارەت.

ھازىر ئىسرائىلىيەدىكى يەھۇدىيلارمۇ يۇقىرىقىدەك مەسىلىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئىسرائىلىيەدىكى دورون كورنبلۇس (Doron Kornbluth) ئىسىملىك بىر داڭلىق نۇتۇقچى ۋە يازغۇچى 2009 ـ يىلى «بالىلارنى ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلىقىنى سۆيىدىغان قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلىش» ناملىق بىر كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇ ئۆز كىتابىدا ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار، ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر ۋە ئۆزىنىڭ 20 يىللىق مائارىپ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بالىلارنى يەھۇدىي قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ مۇنداق 5 يادرولۇق پرىنسىپىنى يەكۈنلەپ چىققان:

(1) ئاتا ـ ئانىلار ئۈلگە بولۇش. مەن بالا تەربىيىسىدىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇش ۋە ئۈلگە بولۇش رولىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى بىر قانچە پارچە يازمىلىرىدا خېلى تەپسىلىي توختالدىم. باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بۇ ھەقتە يازغان ماقالىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار كىملىكنى ساقلاش ئىشىدا بالىسىغا ياخشى ئۈلگە بولالماي، بالىلىرىدا كىملىكنى يېتىلدۈرۈش يۈكىنى ئوقۇتقۇچىلار ۋە دىنىي ئۆلىمالارغا ئارتىپ قويىدۇ. نەتىجىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى بىر ئاددىي پرىنسىپ شۇكى، ئەگەر سىز بالىڭىزنى ئۇيغۇر قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلماقچى بولىدىكەنسىز، سىز ئۆزىڭىز چوقۇم بىر ئۇيغۇر بولۇپ ياشاڭ.

(2) بالىڭىز ئۈچۈن دىنىي تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش. دىنىي تەربىيىنى بالىلارنىڭ يېشىغا ماس كېلىدىغان، بالىلارنى قىزىقتۇرىدىغان ۋە بالىلارنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ئۇسۇللاردا ئېلىپ بېرىش.

(3) بالىلارنى ئۆز جامائىتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ۋە مىللىي تۈس ئالغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇش. سىز مەلۇم بىر ئىشقا ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقتى بىلەن كۈچىنى تەقدىم قىلىدىكەنسىز، سىز ئۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ قالىسىز. يەنى سىز بەدەل تۆلىگەن

ئىشقا كۆڭۈل بۆلىسىز. ئەگەر بالىلارنى مىللىي تۈس ئالغان پائالىيەتلەرگە كۆپلەپ قاتناشتۇرمايدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ ئۆز كىملىكىگە بولغان ھېسسىياتى ھەرگىزمۇ تەرەققىي قىلمايدۇ. بالىلار ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا بىز ئۇلارغا بىر قىسىم ئىشلارنى مەجبۇرى تېڭىشىمىز مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىدە كىملىك تۇيغۇسى چوڭقۇر يىلتىز تارتمىغان بولغاچقا، ئۇلار چوڭ بولۇپ ئۆيدىن ئايرىلغان ھامان ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى تېزلا ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئەگەر بىر بالا ئۆزىنىڭ كىملىكىگە ئائىت ئىشلار بىلەن قانچە كۆپ شۇغۇللانسا، ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ شۇنچە ياخشى ساقلايدۇ.

ھازىر چەت ئەلدىكى بىر قىسىم جايلاردا ئۇيغۇر جامائەتلىرى پەرزەنتلەر ئۈچۈن كىملىكنى ساقلاشقا زور پايدىسى بار ئىشلارنى مۇددەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، يېقىندا ياپونىيەنىڭ توكيو رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر كۈن مەدەنىيەت ۋە ئىسپورت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئىچىدە مەخسۇس بالىلار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرمۇ خېلى كۆپ. مەن مۇشۇ يازمىنىڭ ئاخىرىغا ئاشۇ پائالىيەتلەرنىڭ بىر قانچە كۆرۈنۈشلىرىنى قوشۇپ قويدۇم.

(4) جامائەت بەرپا قىلىش. ئىنسانلار ئىجتىمائىي مەخلۇقلارغا كىرىدۇ. بىرەر كىشىلەر توپىغا تەۋە بولۇشنى ئىستەيدۇ. بىز بىرەر كىشىلەر توپىغا تەۋە بولۇش ئارقىلىق ئۆزىمىز ئۈچۈن كىملىك ۋە ھەمراھلىق تاپىمىز. بالىلار ئۆزلىرىنىڭ قايسى كىشىلەر گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى، ۋە قايسى كوماندىنى قوللىشى كېرەكلىكىگە ئوخشاش ئىشلارنى بىلىشكە ناھايىتى قىزىقىدۇ. شۇڭلاشقا ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ قايسى كىشىلەر توپىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى داۋاملىق بىلدۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆزلىرىنىڭ كىملەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى داۋاملىق تەكىتلەپ تۇرۇشى كېرەك. بالىلارنى ئۆز گۇرۇپپىسىغا تەۋە كىشىلەر قورشاپ تۇرغاندىلا، ئۇلار ئۆزى تەۋە كىشىلەر توپىنىڭ ئىشلىرىغا قاتنىششنى خالايدۇ. ئەگەر بالىلار ئۆز مىللەت كىشىلىرى بىلەن بىللە ياشىيالمايدىكەن، ئۇلاردىكى كىملىك تۇيغۇسىمۇ ناھايىتى سۇس بولىدۇ. ئۆزى تەۋە گۇرۇپپىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇشتىن باشقا، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئۆز مىللىتىگە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇتۇشى، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي ئاسارەتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇشى، ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىدىن خەۋەردار قىلىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا بالىلاردا ئۆز مىللىتى بىلەن بولغان بىر خىل روھىي باغلىنىش ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

(5) كىملىك تەربىيىسى. ئەگەر بىر بالا كىملىك تەربىيىسىنى قانچە كۆپ ئالىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆز كىملىكىنى ساقلىشى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. بىر مىللەت بالىلىرىغا ئۇسسۇل ئويناش ۋە ناخشا ئېيتىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئۆگىتىش ناھايىتى مۇھىم، ئەمما ئۇلارغا قارىغاندا كىملىك تەربىيىسى تېخىمۇ مۇھىم. بۇ نۇقتىنى يەھۇدىيلار دۇنياسى ناھايىتى كۆپ بەدەللەرنى تۆلەش ئارقىلىق ئاندىن ئۆگەنگەن. ئەگەر كىملىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ جامائەتلىرى ناھايىتى تېزلا يوقاپ كېتىدۇ. ھازىر چەت ئەلدىكى بەزى جايلاردا ئۇيغۇر مەكتىپى ۋۇجۇدقا كەلدى. مانا بۇ بالىلاردا كىملىكنى ساقلاشتا ئەڭ ئۈنۈم بېرىدىغان تەدبىر.

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار «مەندە بالامنى ئۆزكىملىكى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىدىغان قۇدرەت يوق»، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەت بولسا ئۇنداق ئەمەس. سىز بالىڭىزنى ئۆزكىملىكى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن سىزنىڭ بىر دىنىي زىيالىي بولۇشىڭىز شەرت ئەمەس. سىز بىر قانچە كىچىك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ ئۆز كىملىكىنى ساقلىشىغا زور تەسىر كۆرسىتەلەيسىز.

### پايدىلىنىش مەنبەسى:

5 Ways to Raise Kids to Love Being Jewish
http://www.aish.com/jw/s/63989532.html

بۇ يىلنىڭ 17 ـ سېنتەبىر كۈنى ياپونىيە توكيو رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئورۇنلاشتۇرغان بىر پائالىيەتنىڭ بىر قانچە كۆرۈنۈشلىرى:

















# چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار

بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ قىممىتىنى ئاۋام تېخى تونۇپ يېتەلمەيۋاتىدۇ. سەۋەبى نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە ھەرخىل ياسالما سەۋەپلەر تۈپەيلى خەلق بىلىمنىڭ تەمىنى تېخى ھوزۇرلىنىپ تېتىپ باققىنى يوق. شۇ سەۋەپ ۋە يوقۇلۇش خەۋپىسىرىشىدىن خەلق روھانىلىقىدا بىلىمدىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. بۇمۇ پۈتۈنلىشىۋاتقان بۇ دۇنيانىڭ ئايرىۋېلىنغان بىر پارچىسىنىڭ تىراگىدىيەسىدۇر بەلكىم.

باغداش، گۈللەن، 2016ـ2ـ20

= = =

قېرىنداشىم رەخمەت سىزگە، ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكىمىز ھەققىدە ناھايىتى ئەتراپلىق يېزىلغان باھارىڭىز قالتىس بولۇپتۇ. بۇ يازمىڭىز سۆيۈملۈك ئالىمىمىز ھەققىدە يېزىلىدىغان تىخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنىڭ چىقىشىغا بىر ياخشى باشلىنىش بولۇپ قالغۇسى. ئەركىن سىدىق ئاكىمىز بولسا، يۈكسەك ئەخلاقلار بىلەن ئىتقاتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ دىلى بىلەن تىلى بىردەكلىكنى ئۆز ئەمىلىيىتى ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا، مىللىتىنىڭ غىمىنى يەپ، ئوتىدا كۆيۈپ سۆيىدە ئىقىپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان ۋە تەلەپچان ئاتىلاردەك يۈرەك قېنىنى ئېقىتىپ كىلىۋاتقان، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئېنېرگىيە تارقىتىپ كىلىۋاتقان بايلىقىمىزدۇر.

كالباھار، باغداش، 2016ـ2ـ20

= = =

كۆپچىلىك! ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىسىلەر. مېنىڭمۇ كۆز قارىشىم سىلەر بىلەن بىردەك.

ئۆزىگە، ئېسىل سۈپەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، بىباھا گۆھەردەك ئىنسانلىرىمىزنى قانچىلىك تەرىپلىسەكمۇ، تىلىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ ئەلۋەتتە .

يىللارسىرى، باغداش، 2016ـ2ـ20

= = =

بىلىمخۇمارنىڭ پىداكارانە روھىنى، قېرىنداشلىغا سىڭدۈرۋاتقان ئەجرىنى ئەقلى ھوشى نورمال بولغان ئۇيغۇر ھېس قىلالايدۇ دەپ ئويلايمەن.

جاسۇرى، باغداش، 2016ـ2ـ20

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. رەخمەت سىزگە . ئۇستازنىڭ خەلقىنىڭ بىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇش يولىدا سىڭدۈرىۋاتقان خالىسانە ئەجرىنى، ئوتتەك قىزغىن مېھرى ـ مۇھەببىتىنى، بارلىقىنى

خەلقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلاش روھىنى قانچە تەرىپلىسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ . ئاللە تاالا ئۇستازنىڭ تېنىنى سالامەت، ئۆمرىنى ئۇزۇن ۋە خەيرلىك قىلغاي. ئائىلىسىگە بەخت، ئىشلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاي. ئامىن. ئاللەقا ئامانەت.

ئوبزورچى، باغداش، 20-2-2016

= = =

بىلىمخۇمار ئەپەندىنى قانچە تەرىپلىسەك ئەرزىيدۇ ، ھاياتىمدىكى ئەڭ قايىل بولغان، چوڭقۇر ھۆرمىتىم بار ئادەم. بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىشلىرىغا ئاسانلىق تىلەيمەن.

ئاپتورنىڭ يازمىسىغا تەشەككۈر، كۆڭلىمىزدىكى گەپنى ئىپادىلەپسىز.

گۈلسىن، باغداش 20-2-2016

= = =

بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ باشقا تېمىسىنى دېمەيلا قويايلى، مۇشۇ دىنى مەسىلىلەر ئۈستىدە يېزىلغان تىلىمىلىرىنىڭ ئىنتايىن قايىل قىلارلىقلىقى تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە بىرەركۆرۈنەرلىك ئىككى تەرەپ بولۇپ تېما ئۈستىدە تالىشىشقا باشلىغىنىنى بىلمەيمەن.بۇ نىڭ ئارقىسىدا بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ نورغۇن ئىزدىنىش، ئىجتىھات قىلىش، ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق يۇشۇرۇنغان. باشقىلىرىمىزمۇ كۆرەۋاتىمىز ھەم كۆرۈپ كەلدۇق ،باشقا بىرسىمىز دىنغا مۇناسىۋەتلىك تېما يوللىساق ھامان كەمتۈكلۈك تەرىپى چىقىپ ئايىغى چىقماس تالاش تارتىش بولاتتى، ئەمما بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ ئۇنداق ئەمەس. شۇنىڭغا ھېچكىم پۇتاق تاپالماي ھوزۇرلىنىپ ئۇنىڭ ئىنتايىن چۈشىنىشلىك تېمىلىرىنى ئوقۇيمىز زوق بىلىم ئالىمىز .ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە سىز دېگەندەك بىرەرسىمىزنىڭ سۇئالىنى جاۋاپسىز قويغىنى يوق، ئىلگىرى بولسۇن كېيىن بولسۇن ھامان قانائەتلەنگۈدەك جاۋاپ ئالىمىز .ئۇستازغا كۆپ رەھمەت. بۇندىن كېيىن ئىسىل تىمىلىرى بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىشقا نىسىپ قىلغاي .قانچە تەرىپلىسەك ئازلىق قىلىدۇ. بىزگە ھەقىقى ئادىمىيلىكى، پەزىلىتى بىلەن ھەقىقى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە ئۇستازنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق دەپ قارايمەن. تېمىسنى بارلىق ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ دەپ يازىدۇ، بەزىلەردەك تايىنى يوق تېمىسىنىمۇ كۆچۈرمەڭ دەپ يۇرمەيدۇ.

ئاخىرىدا تورداشلارغا كىچىككىنە تەشەببۇسۇم، ئۇستازنىڭ ئوقۇلمىغان تېمىلىرى بولسا ھەممەيلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇنى تولۇق ئوقۇپ چىقساق ...

ئۇستاز ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتكەن قەلىمىڭىزگە رەھمەت، ئاكىمىزغا تىخىمۇ ئىلھام بولغىسى. بىلىمخۇمار ئاكىمىزغا كاتتا ئەجىرلەر بولسۇن .

ئاچيول باغداش 20-2-2016

= = =

ئەگەر زىيالىيلىرىمىزمۇ مۇنبەرگە تىما يازسا بىلىمخۇمار ئاكىمىزدەك پۇختا تەييارلىق بىلەن يازسا دەيمەن... بىلىمخۇمار ئاكىمىز خېلى بۇرۇنلا ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىن ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا ئۆتۈپ بولغان ئادەمكەن. بىلىمخۇمار ئاكىمىزغا غايىبانە ھۆرمىتىم بار.

ئۇمۇدۇم بىلىمخۇمار ئاكىمىز مۇشۇ تىما ۋە ئىنكاسلارنى ئوقۇپ چىقىپ ئۆزىنىڭ خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى بىلىپ قالسا دەيمەن.

كىملىكتىكى باغداش 2016ـ2ـ20

= = =

مەنچە ئەركىن ئاكا ئەسەرلىرىنى قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان كىرىل يېزىقىدا نەشىر قىلدۇرۇپ كىتاپخانلارنىڭ هوزۇرىغا سۇنسا ئۇلار چوقۇم ياقتۇرۇپ سېتىۋالىدۇ، بىزگە قارىغاندا قازاقىستاندىكىلەر بەكراق پايدىلىنالايدۇ، ئەركىن ئاكا بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئويلىنىپ باقسا بولغۇدەك

= = =

بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ پەزىلىتىنى، هەر ساهە هەر كەسپتىكى زىيالىلارنىڭ ئۈلگە قىلىشىغا ئەرزىيدۇ . بىلىمخۇمارنىڭ هەربىر ئۇقۇرمەنىنىڭ ئىجابى ۋە سەلبى ئىنكاسلىرىغا بولغان سەمىمىيتى بىزنى تولىمۇ سۆيۈندۈردۇ . بىلىمخۇمار بىلەن بولغان ئارلىقىمىزنى قىتئەلەر ئايرىپ تۇرسىمۇ ئەممە كۆڭلىمىز دىلىمىز قاش بىلەن كىرپىكتەك يېقىن. شەخسەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام بىلىمخۇمارنى كونا تونۇشلۇرۇمدەك، يېقىن دوستۇمدەك هىس قىلىمەن.

مىللەتنىڭ ئۈتىدا كۆيۈپ سۆيىدە ئېقىۋاتقان هەربىر زىيالىغا ئامانلىق تىلەيمەن .

ئىزدىنىش بۇهارا 2016ـ2ـ20

= = =

بىلىمخۇمارنىڭ بىر قىسىم زىيالىيلاردىن پەرقى، ئۇ خەلق نىمىگە ئېهتىياجلىق بولسا شۇنى چۈشەندۈرىدۇ ياكى شۇنداق قىلىشقا تىرىشىدۇ. بەزى زىيالىيلار ئۆزى نىمىنى بىلسە (بىلمىسىمۇ) شۇنى يىزىپ باقىدۇ، نەپ تىگەمدۇ تەگمەمدۇ ئانچە ئويلىشىپ كەتمەيدۇ.

ئىزدىنىش ئارسلان428 2016ـ2ـ20

= = =

جەۋهەرلەشكە لايىق تېما بوپتۇ، بىلىمخۇمار ئاكىمىز هەقىقى چىن كوڭلىمىزدىن هورمەتلىنىشكە لايىق ئالىمىمىز.

ئىزدىنىش هورازجان 2016ـ2ـ20

= = =

كۆڭلىمىزدىكى گەپلەر چىقىپتۇ، بىلىمخۇمار ئاكىمىز هەقىقەتەن ئىسىل كىشى ، يازمىلىرىدىن كۆپ مەنپەەت ئالدۇق. بىلىمخۇمار ئاكىمىزغا كۆپ تەشەككۇرلەر بولسۇن .

ئىزدىنىش ئابلىكىمجان 2016ـ2ـ20

= = =

بۇ هەممىمىزنىڭ كۆڭلىمىزدە ئويلاۋاتقان لېكىن، قولىمىزغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا ئىرىنىۋاتقان گەپلەر ئىدى. بۇ هەممىمىزنىڭ يۈرەك سۆزى ئەركىنكا.

كىملىكتىكى ئىزدىنىش 2016ـ2ـ20

= = =

ئەجرىڭىزگە رەهمەت ، بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ ماقالىلىرىنى ياخشى ئوقۇيىدىغان مەن قوشۇلۇپ هەممەيلەننىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپسىز.

بوزقىر ۋالى 2016ـ2ـ20

= = =

بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ ماقالىلىرى بىلەن ئۇچىراشقىلى ئۈچ يىل بوپتۇ، ئۆتۈپ كەتكەن ئۈچ يىل جەريانىدا ھەرقايسى ئۇيغۇر مۇنبەرلىرىدە يوللانغان ھەممە ماقالە، يازمىللىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن يوللانغان ماقالىلىرىدىن تاپالىغانلىرىنى ھەممىنى ئوقۇپ كەلدىم ھەم كۆپ مەنپەئەتلەرگە ئېرىشتىم، شەخسەن مەن بىلىمخۇمار ئۇستازچىلىك ئۆز مىللىتى، خەلقى ئۈچۈن جان كۆيدۈردىغان، ئۆزى قىلالايدىغان، قولىدىن كېلىدىغانلا بولسا مىللىتى ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان يەنە بىر زىيالىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇستازنىڭ نامى چوقۇم كېيىنكى ئەۋلادلار تەرىپىدىن ئۆچمەي، ياد ئېتىلىدۇ!

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىلىمخۇمار ئۇستازغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشىنى، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەيمەن. جاپا چەكتىڭىز، رەھمەت بىلىمخۇمار ئۇستاز!

مىسرانىم تاخنايۇراك006 2016_2_20

= = =

سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك بىلىمخۇمار ئاكىغا بىرىلگەن بۇ باھالار ئۇنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى باھالىرىنىڭ قىسمەن بىر قىسمى خالاس. بىز مانا مۇشۇ ئۇستازغا ئوخشاش توختىماي ئىزدىنىدىغان، ناچار ۋە ياخشى بولغان باھالارغا قارىتا سالماقلىق بىلەن پىكىر بىرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ بىلىمىنى توختىماي تولۇقلاپ، ئۆزى ئۇچرىغان ۋە باشقىلار ئۇچۇرغان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىماي ئىزدىنىدىغان ھارماس - تالماس كىشىلەرگە مۇھتاج.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جاپاكەش ئۇستازلىرىمىز بىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ پەخرى، مەن ئۆزۈن يىللاردىن بېرى بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ تىمىللىرىنى ئوقۇپ كىلىۋاتىمەن، ئۇستازنىڭ ھەربىر ئەسىرىدىكى يېڭىلىق ۋە مۇھىم نۇقتىلارنى خاتىرلەپ مېڭىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىزمۇ يوققۇ دەيمەن، مۇھىمى بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ ھەربىر ئەسىرىدىكى مەزمۇنلار ھەربىر ئوقۇرمەندە نۇرغۇن چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ، ئۆزى ۋە ئۆزلىكى ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشقا ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ، ئىزچىل تۈردە ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ھىس قىلدۇرىدۇ. بۇ يەردە مەن بىلىمخۇمار ئۇستازنى ماختىغىنىم ئەمەس، پەقەت ئۇستازنىڭ بىزلەر ئۈلگە قىلىپ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ھەممىمىزنىڭ ھىس قىلىپ يىتىشى كېرەكلىكىنى، توختىماي تىرىشىش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىمىزنى ۋە كەلەچىكىمىزنى يارتىشىمىز كېرەكلىكىنى ھىس قىلغىنىم بۇيىچە چىقاردىم. بىزلەردە بىر تۈرلۈك خاتا پىسخىك مەۋجۇت يەنى ھەممىمىز ئۆزىمىزگە تەمەننا قويۇشقا ئامراق، ئەمما بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تەمەننا قويىشىمىز بىزنى قايسى يەرگە باشلايدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانلىرىمىز قانچىلىك. ئەمەلىيەتتە بەك ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىش ئەسلىدىنلا خاتا، ئەگەر سىز ھازىرقى ئەھۋالىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە ئامال قىلالمىسىڭىز ھامان بىر كۈنى رېئاللىق تەرىپىدىن مەغلۇب بولىسىز، شۇڭا ھەربىر كىشى چوقۇم تىرىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ۋە كەلەچىكىنى يارتىش كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەم قىلالمايدىغان ئىش يوق، پەقەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشمايدىغان، ئىزدەنمەيدىغان، لاي غەزەل ئادەملەر بار، خالاس. شۇڭا، بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ ئەسەرلىرىدىكى توختىماستىن ئىزدىنىدىغان ، تىرىشچان، قەيسەر ئىرادە ۋە روھنى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىدۇ.

مىسرانىم ئەلشىر 2016_2_20

= = =

ئىشقىلىپ بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ ماقالىلىرنى ئوقۇسام بىر خىل كاللام ئىچىلىۋاتقاندەك ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلمەيدىغىنمنى ھېس قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ

مىسرانىم كۆلپات 2016-2-20

= = =

شەمەر تورداشىنىڭ بۇ تىمىسىغا رەھمەت. ھەقىقەتەن كەڭ تورداشلارغا ۋاكالىتەن بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ ئەجىر-ئەمگەكلىرىگە تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرۈپسىز. مۇشۇنداق بىر يازما ئارقىلىق بىلىمخۇمار ئەپەندىمگە كىچىككىنە بولسىمۇ مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈش بىز تورداشلارنىڭ قەرزى ئىدى.

مىنىڭ بىلىشىمچە، پۈتكۈل ئۇيغۇر تارىخىدا «بۇ ئەسەرنىڭ يازما ھوقۇقى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ، سىز ئەسەر مەنبەسىنى ئەسكەرتكەن ھالدا خالىغان تور، مەتبۇئات، ئىلكىتاپ شەكىللىرىدە تارقاتسىڭىز بولىدۇ» دېگەن گەپنى باشلاپ بەرگەن ئادەم شۇ.

شىنجاڭ دىياردا بىز خىلى ھۆرمىتىنى قىلىدىغان بىرقىسىم زىيالىيلارنىڭ ئانچىكى بىر ئەسەرلىرى ئۈچۈن، ئاتايىتەن مۇنبەرگە تىما يوللاپ «مېنىڭ يازغان ئەسەرلىرىمنى خالىغانچە كۆچۈرۈپ تارقاتماڭلار» دېيىشى كىشىنىڭ كۆلگۈسىنى قىستايدۇ.

ھەر-بىر زىيالىيدا بىلىمخۇمار ئەپەندىدە بولۇشقا تېگىشلىك روھ بولۇشى كىرەك. پەزىلەت دېگەن نىمە، ئېتىقاد دېگەن نىمە،مەسئۇلىيەت دېگەن نېمە؟ ۋەتەن-مىللەتكە قانداق زىيالىي كىرەك؟ بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى بۇ سۇئاللارغا جاۋاپ بولالايدۇ.

ئەگەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى تەۋپىق روھىنىڭ تىرىك ئىنسانلاردىكى سىماسىنى تېپىش مۇمكىن بولسا، مەن بىلىمخۇمار ئەپەندىگە نەزەر سالغان بولاتتىم!

مىسرانىم ۋەجدان 2016-2-20

= = =

شۇنداق جىق تەسىراتلىرىم با بىلىمخۇمار ئۇستاز توغرىسىدا ، ھەم چوڭقۇر ھىكرمەت با ، قاندا تىل بىلەن ئىپادىلىشىمنى بىلەممىدىم ، ئىشقىلىپ مىنىڭ نەزىرىمدىكى ئەڭ نەمۇنىلىك ئۇيغۇر مۇسۇلمان دەپ ئويلايمەن

بۇ ئىنكاسىڭىزغا نىم دىسەم بولا ئىشقىلىپ مەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بەك ئامىراقچۇ ، شېئىرلىرىغا شۇنداق كۆيىمەن ، ھايات بوغان بوسىدە دەپ قالىمەن گاھىدا ، ئەركىنكامدەك ھايات بىر شەخسنى مەرھۇمغا تەققاسلىغىنىڭىز بەك ياخشى بولدى ماڭا نىسبەتەن ...

نىم دىيىشنى تازا ئىنىق بىلمىدىم ، ئەمما مۇشۇ ئويلاردا بولدۇم بۇ ئىنكاسنى كۆرۈپ

مىسرانىم ھەمشىرىلەر 2016-2-20

= = =

ئەركىن سىدىق ئاكىغا ۋە ئۇنىڭ توردا يوللىغان ئەسەرلىرىگە ھەقىقەتەن لىللا باھا بىرىپسىز. ئەجرىڭىزگە رەھمەت.

مىسرانىم باھادىرھان 2016-2-20

# ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965 ـ 1971: ئاقسۇ شەھەرلىك 4 ـ باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1971 ـ 1976: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1976 ـ 1978: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1978 ـ 1983: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكالاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1983 ـ 1984: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1984 ـ 1985: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1985 ـ 1988: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1988 ـ 1990: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1990 ـ 1995: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1995 ـ 1997: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور ـ ئاشتى بولغان
- 1997 ـ 2004: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004 ـ ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ